
ئارزۇ بوستانى
شېئىرلار توپلىمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئارزۇ بوستانى

(شېئىرلار توپلىمى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇنىياز مەتنىياز

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى تەھرىر
بۆلۈمى تۈزدى
1983 - يىل، ماي

# ئارزۇ بوستانى

## (شېئىرلار توپلىمى)

※

ئاقسۇ مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىي - مائارىپ
باشقارمىسى، ئەدەبىي-سەنئەت ئىجادىيەت
ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
باسما ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م، 1/32
9 باسما تاۋاق، تىراژى: 2500

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەھرىردىن :

قولىڭىزلاردىكى «ئارزۇ بوستانى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى— پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاقسۇ مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى ئەدەبىي - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىۋاتقان «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى («تارىم ئەدەبىياتى») تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنە 3 يىل ئىچىدە ئېلان قىلىنغان شېئىرلاردىن باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان بىر قىسىم شائىر، ھەۋەسكارلارنىڭ بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرى ۋە ئاقسۇ دىيارىدا ئۆتكەن پىشقەدەم شائىرلاردىن نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

بۇ ئەسەرلەر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى،"4 كىشىلىك گوروھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىققا كەلگەن ئاجايىپ يېڭى بۇرۇلۇشلار، خەلقىمىزنىڭ غايەت زور كۈرەش ئىرادىسى ھەم ئېسىل ئەخلاقى، پەزىلىتى مەدھىيىلەنگەن. ئاپتورلار ئىنقىلاۋىي رىيالىزىم بىلەن ئىنقىلاۋىي رومانتىزىمنى زىچ بىرلەش-

تۇرۇشتەك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ جانلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى قايناق مۇھەببەت ۋە جۇشقۇن بەدىئى ھېسسىياتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز ئەسەرلىرىگە سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى سىڭدۈرگەن.

سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەن، تەجرىبىلىرىمىزنىڭ كەم بولغانلىقىدىن توپلامدا ھەر تەرەپلىمە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. پېشقەدەم شائىر، يازغۇچىلار ۋە كەڭ كىتاپخانىلارنىڭ تەنقىدى ياردەم بېرىشلىرىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


**ئېمىشېھىت**

بىلىم ئىشقىدا ............ 1
ئالدىدا ............ 4
سىغىنىدىم ............ 7

**لوتپۇللا مۇتەللىپ**

يىللارغا جاۋاپ ............ 13
خىيالچان تىلەك ............ 15

**ئىمىن ئەخمىدى**

غەزەللەر ............ 17

**ئەخمەت ۋاھىدى**

ئوتتۇك سودىسى (ساتىرا) ............ 27
سۆيگۈ خېتى ............ 31
ۋەتىنىم ............ 32
ئانا يەر ............ 33
ئىشەك بىلەن قوي (مەسەل) ............ 35
ئەمدى (مۇخەممەس) ............ 37
قۇتلۇقلايمىز ۋەتەن تويىنى ............ 39
زەپەر ناخشىسى ............ 41
يېڭى يىل ئىلھامى ............ 42
باشلىق بولساڭ ............ 44
قار ياققاندا ............ 45
لوتپۇللا مۇتەللىپكە ............ 46

غوپۇر هوشۇرى
يېڭى يېزىغا زىيارەت (سېكىل) .................... 49
باھار تاشقىنى (سېكىل) .................... 51
رازىمەندۇر ئاتا- ئانىسى؟ (ساتىرا) .................... 63
توختى ئايوپ
نادانلىق (مۇخەممەس) .................... 67
كۇچار (مۇخەممەس) .................... 68
ھېبىبۇللا روزى
ئاۋات ئىلھاملىرى (سېكىل) .................... 71
غەزەللەر .................... 79
ئېزىز ساۋۇت
بوزدولڭ ناخشىلىرى (سېكى .................... 86
ئالتۇن ۋادىغا مەدھىيە (سېكىل) .................... 92
ئىككى شېر .................... 98
تۇنىياز مەتنىياز
كوڭلۇم مېنىڭ ھەر چاغ ساڭا يار .................... 102
باھار كەلدى .................... 103
ئالدىدا .................... 104
دېخىنىمىغا .................... 106
بۇگۇن (مۇخەممەس) .................... 108
ئارزۇ بوستانى (مۇخەممەس) .................... 110
سەپەر ئىلھاملىرى .................... 113
يېزا ئىلھاملىرى (سېكىل) .................... 115
دولان ناخشىلىرى (سېكىل) .................... 119
كېرەم مىجىت
ياشلارغا .................... 128
پارتىيەم .................... 128
رۇبائىلار .................... 129

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەر ھېزىم

تىيانشانغا ........................ 135
پايدا يوق ........................ 137
كومپارتىيەم شەنگە ........................ 140
ئانا ........................ 142
ئۈچ ........................ 144
بۇلۇر ........................ 146
خۇشامەتنىڭ سىرى ........................ 149
ياخشى ........................ 152

سالى ئىبراھىم

سىناپىاق ........................ 154
ئۆمرۈم ئىستىگى ........................ 155
تاغ بۇلاقلىرى ........................ 155
قەلپ غۇرۇرى ........................ 158
ۋەتەنگە مۇھەببەت ........................ 159
قار ........................ 161
ئامرىغىمغا ........................ 162
ئۇيغۇر ئۇسۇلى ........................ 163
ئاماننىساخانغا ........................ 164
لۇتۇنغا ........................ 165
مەن ۋە ياپراق ........................ 167
تىيانشانغا ........................ 167
كۆچار تەسراتلىرى ........................ 168
توي شاتلىقى ........................ 169

تۇرسۇن ياقۇپ

غەزەللەر ........................ 171

ئىبراھىم قۇربان

بىشارەت ........................ 182
ىۋاپا ........................ 183

گۈلچىراي ........................ 183
سۈيگۈ ........................ 184
غەزەللەر ........................ 185
زاھىر ئابدىراخمان
مۇھەببەت لىرىكىلىرى ........................ 188
پارچە ........................ 191
نىياز مەخمۇت
پارتىيە شەنگە ........................ 192
ئەھەت ئامان
ئاقسۇ ........................ 194
ۋەتەن مۇھەببىتى ........................ 195
نەسىھەت ........................ 196
ئابدىرىھىم سىدىق
باغۋەن ........................ 197
باياشاتلىق ........................ 198
چىمەن دوپپا ........................ 199
ئاقسۇ ناخشىلىرى (سىكىل) ........................ 200
قاسىمجان يۇنۇس
ۋەتەن ھەققىدە شېرلار ........................ 206
تەشنالىق ........................ 209
بولمىسا ........................ 210
باھار لىرىكىلىرى ........................ 211
دۇتتارىم ........................ 212
قېيۇم مەمتىمىن
مىلك ئوي ........................ 214
قۇرۇپ بەزمە گۈلىستاندا ........................ 215
سەنئەت ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 216

نۇرسۇن مامۇت


دىخان ........................ 218
پارتىيەم ........................ 221
ئىشىنىشتىنى ئەسلەپ ........................ 222
ياغ بۇلاق ........................ 223
دەۋرىم شەنىگە ........................ 226


غوپۇر راخمان


ئانا ئۈمىدى ........................ 228
ئۈندەيدۇ ........................ 230
ئىشچى يارىمىغا ........................ 231
تارىمغا ........................ 234


ئابدىقادىر ھەسەن


ئۈچتۇرپان ........................ 237
ئەجىر ئەزىم ........................ 239
سۆيۈندۈم ........................ 240
كەلدىم ........................ 240
پەندىيات ........................ 242


زوردۇن ئىمىر


مەڭگۈ تۈگىمەس ناخشام ........................ 245
ئانا مېھرى ........................ 245
ۋەتەن مېھرى ........................ 246
تاپتىم ........................ 246
جور بولايمەن ناخشاڭغا ........................ 247
ئانا سوزى ........................ 248

يۇرتۇم ھەققىدە غـەزەل .......................... 249
تۇرسۇن تاۋار
ۋەتەن ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 251
دىخـان مـەھەللىسى ............................ 253
ئابدىراخـمان پولات
شـېئىر ۋە رۇبائىـلار .......................... 255
تۇنىياز قادىر
قارا يـۇلغۇن .................................. 260
ئەخمەت پولات
ئالدىغا ....................................... 262
ئـىدىـرىس مەگلىك
ئەجداتلار خـاتىرىسىگە ......................... 264
يوقتۇر ........................................ 266
ئابدىرېھىم مۇھەممىدى
ۋەتەن مۇھەببىتى ............................... 267
ئىلىم ئىشقىدا ................................. 268
شـائىر بـولساڭ ................................ 269
رۇبائىـلار .................................... 269
ياسىن مىسرى
ئۇلۇق شائىرنى ئەسلەپ .......................... 271
ياسىن قاسىم
ئىككى غەزەل .................................. 272

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى قىسىم

# بىلىم ئىشقىدا!

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك ھېچ گۈزەل يارىيوق ،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار ، بولۇر ئۇ گاھىدا بار-يوق.

قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ ، سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئارىيوق.

كىرىپ كەينىگە نەپسىڭنىڭ بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر ئۇچاغدا سەن كەبى خارىيوق .

قولاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادى-ئاھىغا ،
يۇتۇپ زەرداپ پىراقتىن دات دىگەكتىن باشقىچە زارىيوق.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەردەم،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تارىيوق.

يورۇپ مەن ھەم گۈزەل ئىزلەپ جاھالەتكە ئەسىر بولغان ،
خالايىق ئالدىدا يۈرسەم مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق .

بىلىمسىز شاق تېنىڭ مەجرۇھ، ھېمىشە نالە - پەرياتتا .
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق .

بىلىمگە ئاشىنا بولساڭ ئۇقۇش ئىشقىدا بۇلبۇل بول ،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ئەسلى گۈلزار يوق .

بۇ كەڭ دۇنيانىڭ قانداق پۇچىمىغىغا باش تىقىپ ياتساڭ ،
بىلىم تارتىپ چىقارمەيدانغا ھېچبىر كىمگە ئاخبار يوق .

پاراغەت ئىزدىسەڭ ، ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما،
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا ،
قەيەرگە بارسا باش كەتمەس بىلىمدەك ئاڭا غەمخار يوق .

بىلىم روھى ئۇزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس ، بۇڭا ئىنكار يوق .

چاپان ھۆرمەتلىرى ھېچ چاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس ،
كېتەر پۇلدىن يىغىلغان ھۆرمىتىڭ، پول بىرلە ئەسرار يوق.

چاپان بىرلە ئۆزەڭنى پاقىراتساڭ بىر بوياقچىسەن،
بىلىم ئەسرى بۇگۈن، سىرلىق چاپانلارغا خېرىدار يوق.

بۇلاردىن قولغا كەلگەن ئابروي جىنلەر چۈشى ئوخشاش،
خىيالى بۇ تىلەكتە سەن كەبى باخشىغا جىندار يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈمىت قىلما پەلەكتىن ھەر قاچان بەختىڭگە چورگەلمەس،
بۇگۈن باي، ئەتە سەندەك ھېچ گاداي يوق، بەلكى قەرزدار يوق.

بىلىمدىن چەتتە كورگەن دولىتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر،
جاپا قىلماققا جانىڭغا بىلىمسىزدەك سىتەمكار يوق.

بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانىغا چىققان ئەسىر دورھازىر،
بىلىش لازىم، بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە بازار يوق.

ئېلىمدىن باتىنىڭ نۇرلانمىسا، كوڭلۈك قاراڭغۇ تۈن،
قۇياش نۇرىغا مۇنكىر شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق.

زېمىننى توپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاقچاق، گۇمان قىلما!
ھەقىقەتتۇر بۇگۈن ھەر ئىش "كەمەك" تەك جادۇ- ئەپيار يوق.

ئەجەپلەنمە، ئېلىم نۇرىدا نۇرلانسا كىشى كوڭلى،
ئۇنىڭغا كوكتە، سۇدا، تاغدا، دېڭىزدا يورسە دىشۋار يوق.

بىلىمدىن تاغنى باغ قىلماقتا ھېچقانداق جاپا كورمەس،
بىلىمسىز قان يۇتار، نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق.

نادانلار كوڭلى تۈن ئوخشاش، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولماس،
قارا تۈنگە شەپەرەڭدىن بولەك ئەسلا تەلەپكار يوق.

ئوزۈڭنى ئېمشەھىت، ئۇشبۇ پىكىرگە ئەيلىگىن قوربان،
بىلىمدىن يۈز ئورگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناھكار يوق.

1936 - يىل فېۋرال، باي

# ئالدىدا

مەن نىگارىمنى كورەلمەي چەرخى بىداد ئالدىدا،
كېچە - كۈندۈز زارە ئەيلەپ بولمۇدۇم شاد ئالدىدا،
كوكسىمە تاشلار ئۇرۇپ ھەم ئەيلىسەم داد ئالدىدا،
پاتىھە، ئىخلاس ئوقۇبان ۋىردى ئەۋراد① ئالدىدا،
بىر كورەرمەنمۇ يېلىنسام پىرى- ئۇستاد ئالدىدا

ئەي تيانشان توسما يارىمنىڭ جامالىن بىر كورەي
تۇغۇلۇپ ئوسكەن يېرىمنىڭ تۇپرىقىن كوزگە سۇرەي
يولىدا توھپە ئۇچۇن "باش قوي" دىسە جانىنى بىرەي
توسما يولنى مەن بىرىپ دىلبەر بىلەن بىللە يۇرەي
كونمىسەڭ رەسۋا بولۇرسەن تېخى پەرھاد ئالدىدا

ئەي سەنەم مەندىن كوڭۇلنى ئۇزمىگىن "كېچىكتى" دەپ،
"ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ بولالمايمەن زىرىكتى" دەپ،
شۇم رەقىپلەرگە مېنى تاشلاپ ھامان "تىرىكتى" دەپ،
ئويلىمايمەن ھېچقاچان رەقىپ بىلەن "بىرىكتى" دەپ،
يىمىرىلۇر تاغدەك توسالغۇ ئادىمىزاد ئالدىدا.

يوللىغىن بادى سابادىن ھالى- ئەھۋالىڭ بىلەي،
دوستلىرىڭدىن ياردەم ئال، مەنمۇ ھەم بىردەك تىلەي،
بۇ تىلەكتە جەۋرى - مېھنەت كەلسە راھەت دەپ بىلەي،
شامدىكى پەرۋانىدەك بېشىمنى دائىم چورگىلەي،
گورۇنلەر دۇشمەنلىرىڭسەن قەددى شەمشاد ئالدىدا.

① ۋىردى ئەۋراد - دۇرۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن بارۇرەمەن ئاقىۋەت تۇسالغۇنى بىتچىت قىلىپ،
دۈشمەنىڭنىڭ گورىغا يەردىن، ھاۋادىن ئوت يىقىپ،
غاقىراپ كۆكتە ئۇچۇپ، بۇلۇت مىنىپ قانات قىقىپ،
موككەلى توشۇك تاپالماي،قان يۇتار شۇندا رەقىپ،
پۇت-قولىن بوققان گۇناكارلارچە جەللاد ئالدىدا.

ئۆزگە رام قىلىسمۇ دۈشمەن تىغلە قورقۇتۇپ،
پۇل بىلەن ئالداش بىلەن ۋە ياكى جادى ئوقۇتۇپ،
ئالدىنىپ كەتمە! ماۋا بولغان ئىشەنچىڭ يوقۇتۇپ،
دۈشمەنىڭنىڭ بىشىنى زاغۇ - زوغەنغە ② چوقۇتۇپ،
مەن خىجالەتتىن چىقارمەن سەن پەرىزاد ئالدىدا.

مەن يېتىپ بارغۇنچە ئۇندا سەنمۇ مەيۇس ياتمىغىن،
مىنى "كەلمەس" دەپ ، ئۇمىتسىزلىك لىيىغا پاتمىغىن،
تاقىتىڭ بارچەتەۋرەن، كۆرىشىڭ توختاتمىغىن ،
ئالدىنىپ دۈشمەن سوزىگە نومۇسنى سەن يوقاتمىغىن،
ئىلىنۇر قاپقانغا ئاخىر تۈلكە سەيياد ئالدىدا.

بىلىمەن سەندە رەقىپكە بىرىلمىشتىن يوق ئەسەر،
ئالدىنىپ قالما رەقىپكە ئاقىۋەت بىشىڭ كىسەر،
تاپىيا پۇرسەت بىر كۈنى، شەك يوقكى،مۇڭگۈزسىز ئوسەر،
مەن كۆرەشنى تاشلىمايمەن، ئولسەم ئەۋلادىم ئوسەر،
ئىنتىقام دەۋاسى قوزغالغاي شۇ ئەۋلاد ئالدىدا!

---

② - زاغۇ- زوغەن - قاغا - قوزغۇن.

ۋاخ يىقىندۇر سەۋرى قىل، دۇشمەن يۈرەكنى تىلىسمۇ.
ۋەھشى ھايۋانلار كەبى غۇنچەڭنى قۇربان قىلىسمۇ.
گەرچە بوغىزىڭدىن زۇلۇم قارمىغىدا ئالسىمۇ،
ئادەم-ئىنسان كورمىگەن قاتتىق زۇلۇملار قىلسىمۇ.
ناھەقىقەتلىك زەبۇندۇر، ئاخىرى داد ئالدىدا.

ئەي كۇچار، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر تولا قان يىغلىما!
دۇشمىنىڭدىن زارلىنىپ، ئوتلۇق يۈرەكنى تىلغىما!
« مېنى كېچىكتى» دەپ بۇتناپ بوينىڭنى تولغىما !
دىل ئۈزۈپ مەيۇس بولۇپ، پاك تارىخىمنى بۇلغىما!
ئىنشائاللا تېز بارارمەن چەرخى بۇنياد ④ ئالدىدا!

مەن بارۇرمەن يەر، ھاۋادىن ھەم تيانشاندىن ئوتۇپ،
مەن بېرىشقا ۋەدە قىلغان ئانت ئىچىپ، قۇرئان تۇتۇپ،
مەن بارۇرمەن دۇشمىنىڭنى تەسلىم قىلىپ ھەم يوقۇتۇپ
بارۇرمەن ياتماي پىراقتا، « ئاھ » ئۇرۇپ قانلار يۇتۇپ
ئەركسىزلىك، ئىخ، ئۆلۈمدۇر ھۆر ۋە ئازاد ئالدىدا.

يارغا يەتمەك ئاسان ئەمەس، جان بىرۇر، يا جان ئالۇر،
دىلرابا ۋەسلىگە ئاشىق قانچە قۇربانلار چالۇر،
مۇنداق ئاشىقلار ئەبەت دۇنيادا مەشھۇر نام ئالۇر
مۇنداق ئاشىقلار مۇھەببەت سازىنى تىنماي چالۇر،
نىم شېھىتلەرمۇ تىرىلگەي سازى ئىمداد ئالدىدا.

1947 - يىلى نويابىر. غۇلجا.

③ سەيياد - ئوۋچى
④ چەرخى بۇنياد - مەۋجۇت دۇنيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# سېغىندىم

سېغىندىممەن، سېغىندىممەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم.
مېھرىڭ تولغان يۈرۈگۈمدە سېغىندىم،
دولقۇن ئۇرغان كوكرىگىمدە سېغىندىم.

ئولسەم تېنىم قۇچۇغۇڭدىن جاي ئالسۇن،
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شاتلانسۇن،
شۇنىڭ ئۇچۇن نېزراق ساڭا يەتسەم دەپ،
تۈت كوز بىلەن كېچە - كۈندۈز سېغىندىم.

بوكەمگىچە ئايرىلمىغان سېنىڭدىن،
لەززەتلىنىپ شېرىن شەرۋەتلىرىڭدىن،
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئوتتى جېنىمدىن،
تۇپرىغىڭنى كوزگە سۈرتەي سېغىندىم.

ھەج سەپىرى چۈشكەچ مېنىڭ دىلىمغا،
مەيۈسلەندىم قاراپ بېقىپ يۆلۈمغا،
كومپارتىيە كېپىل بولدى يولۇمغا،
بۇلۇت ئۇزرە ئۇچقىنىمدا سېغىندىم.

ئەل قاتارى بەش مىللەتنىڭ ئىچىدە،
ئالتىنچى ئاي ئايىغىدا بېيجىڭدە،
ئوتتۇز يەتتە كىشى بىرلىكسېپىدە،
ھەجگە قاراپ يۈرگىنىمدە سېغىندىم.

بىزنىڭ يۈرۈش يەردە ئەمەس بۇلۇتتا.
نەچچە مىڭ گەز يول باسىمىز مىنۇتتا.
بۈيۈك ۋەتەن سەن ئەزىزلەپ ئۇزاتقان —
چاغلىرىڭنى ئەسلىگەندە سېغىندىم.

سەندىن چىقىپ رانگۇن دېگەن شەھەردە،
مېھمان بولۇپ تۆت كۈن تۇردۇق ئۇ يەردە.
كۈتۈپ ئالدى قېرىنداش ئەل بىرمىلىق،
دوست ئەللەرنى كۆرگۈنۈمدە سېغىندىم.

خوش ئېتىشىپ ئۇزۇتۇشتى بىرمىلىق،
بىز بارار يەر تاغ - باياۋان خورمىلىق.
بىز كەتسەكمۇ كۆڭۈل قالدى سىز بىلەن،
بەك ئۇتۇلدى قەدرىڭ ۋەتەن سېغىندىم.

ئۇندىن چىقىپ مىڭگەز ھاۋا ئۈستىدە،
ئۇچماقتىمىز بەيتۇلھەرەم قەستىدە.
يېتىپ كەلدۇق كالكوتتىغا كەچقۇرۇن،
ھاۋا بۈيۈك كەلتۈرگەندە سېغىندىم.

تاڭ مەزگىلى ئۇچتۇق يەنە ئەرتىلەپ،
ئامراق بالاڭ بىز جۇڭگۇلۇق ئەركىلەپ،
تۆت سائەتتە يېتىپ كەلدۇق بومبايغا.
بۇندا ۋەتەن يەنە سېنى سېغىندىم.

بومباي ئىكەن دېگىز بويى چوڭ شەھەر،
پاشايدىكەن نەچچە يۈزمىڭ ئايال - ئەر.

بۇتا كوزلۇك بىر نەچچە مىڭ «لازا» نى
«سەرگەردان» نى كورگۈنۈمدە سېغىندىم.

ياش غۇنچىلار كوزلىرىدە خۇمالىق،
خوش پىشىللىق، چىرايى خوش خۇمالىق.
چېكىسىدە «بەخىت مېڭى» تۇمالىق،
نەجان كوردۇم ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

رەستىلەردە قەۋەت - قەۋەت بىنالار،
بىر - بىرىگە رىقابەتلىك مۇنارلار.
زان ئۇچۇن كوپ كۆرەشلەرنى كورگەندە،
مول - ھوسۇللۇق ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

توت كۈن تۇرۇپ كەتتۇق، بومباي ئەلۋىدا،
سەككىز سائەت قەدەر ئۇچتۇق ھاۋادا.
بەھرىيىنىدە بىز ئىھتىرام باغلىغاندا.
مېھرىبانىم ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

سائەت تۇرۇپ يەنە ئۇچتۇق ھاۋاغا،
«لەببەيىك» دەپ ھاۋا ئۇزرە ناۋاغا.
يېتىپ كەلدۇق چۇشتىن كېيىن جەددىگە،
قاقاس چولنى كورگىنىمدە سېغىندىم.

بىر كۈن تۇرۇپ بەيتۇللاغا جۇنىدۇق،
شۇ كېچىسى تاۋاپ بىلەن تۇنۇندۇق.
سافا، مەرۋە، سەيلەرنى تۇگۇتۇپ،
چىققىنىمدا جان ۋەتەننى سېغىندىم.

رىيارەتكە كىرىپ تۇردۇق پات - پات،
سەككىز كۈندىن كېيىن كەلدى ئەرپات.
توت كۈن تۇرۇپ ئەرپات ھەم مىنادا،
شەيتانغا تاش ئاتقىنىمدا سېغىندىم.

"دىلدىل شاھ"نىڭ قابۇلىغا ئەكىردى،
پادىشا كېيىن زىياپەتكە (قىچقىردى)
ماۋجۇشىنى ئامانمۇ دەپ سورىغاندا،
ئۇبخ ۋەتىنىم قايتا سېنى سېغىندىم.

پادىشانىڭ سارىيىدا ئولتۇرۇپ،
ئويلاپ كوردۇم يۈرۈگۈمنى تىندۇرۇپ.
بۇ شەرەپنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنىن-
بايقىغاندا سەن ۋەتەننى سېغىندىم.

بەيتۇللاغا تەكلىپ قىلدى پادىشا،
تاۋاپ قىلدۇق بەيتۇللانى كەڭ - تاشا.
ئەسكەر توسۇپ كەلتۈرىمدى باشقىنى،
شوھرەت تاپقان ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

" ھەجەرۇلئەسۋەت " تاشنى بۇسە قىلىشقا،
پۇرسەت بولماي كەلگەن ئىدى بۇ ئىشقا،
ۋەتەن نامىڭ بىلەن ئىمكان تېپىلدى،
ئانا يۇرتۇم يەنە سېنى سېغىندىم.

بەيتۇللانى يۆيۈش ئۈچۈن شاھ كىردى،
بىزدىن بۇرھان شەھىدىنى ئەكىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىش نەسىپ بولماس ئىكەن چەتئەلگە،
بىزگە بولدى ھۆرمىتىڭدىن سىغىندىم.

بۇنىڭ بىلەن بىزنى ئەلگە تونۇتتى،
دوستلار خۇشال،دۈشمەنلەرنىڭ قان يۇتتى،
كۆن نۇرىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەسكەن،
پارلاق نۇرۇڭ ئەسلىگەندە سىغىندىم.

ئۇ پادىشا سوۋغا قىلدى - يادىكار،
بەردىن سائەت، تاج، رومال، تونمۇ بار.
بىزگە ئەمەس، ۋەتەن سېنىڭ شەرىپىڭ،
قوبۇل قىلىپ ئالغىنىمدا سىغىندىم.

مەدىنىگە باردۇق يەنە كوك بىلەن،
يەر تاناۋىن تارتقاندەك توك بىلەن.
زىيارەتنى ئادا قىلىپ قايتقاندا،
باغۇ - بوستان تاغلىرىڭنى سىغىندىم.

ۋەتەن ھىسسى ھەممە ئادەم دىلىدا،
ئەندى مەككە،مەدىنىگە ئەلۋىدا.
ۋىدالىشىپ بىز ئۇيەردىن قايتقاندا،
ئەزىز ۋەتەن جانانىمنى سىغىندىم.

ئاۋغۇستقا بىر بولغان كۈنى قوزغالدۇق،
تورى سىنا تەرەپكە بىز يول ئالدۇق.
ھاۋا ئۇزرە توت سائەتلىك يول يۇرۇپ،
ۋادى ئەيمەن چۈشكىنىمدە سىغىندىم.

تۇراركەنمىز بۇندا ئۈچ كۈن ئادەتتە،
كېتەركەنمىز يەتمىش ئىككى سائەتتە.
تورى سىنا تورە ئىچىرە تۇرغاندا،
ئازات-ئەركىن ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

بۇندىن يۇرۇپ قاھىرىگە بارارمىز،
سېغىنغاننى يەنە شۇندىن يازارمىز.
پەرزەنتىڭنىڭ بۇيىن شۇندا ئالارسەن،
تۇرلۇك تۇمەن گۈللىرىڭنى سېغىندىم.

نېمشەتتىنىڭ سېغىنىشلىق سالامى
سېغىنغاندىن باشقا يوقتۇر كالامى.
قىزىل گۈلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك
سەن گۈلۈستان ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

تورى سىنا — ئەرەبىستان، ئاۋغۇست، يىل - 1956

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ل. مۇتەللىپ

# يىللارغا جاۋاپ

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قارىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرىلاپ قاچىدۇ ئارقىغا باقماي،
بىر - بىردىنى قوغلىشىپ، يورغىلىشىپ.
ياشلىق بىغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ، پۇلۇشۇپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى، بىراق-
يېرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن توكۇلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار شامىلى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كومۇلىدۇ،
يوپۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولىدۇ... قاخشال.
يىللار سېخى قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكىلىپ بېرىدۇ-
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتمۈشۈرسۇن ئۆزىنىڭ يولى...
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چوللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۇرسىتى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئورە تۇرىدۇ.
قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن،
تۇنۇگۈن ئومىلەپ، ھە... بۈگۈن مېڭىپ يۈرۈيدۇ.

كۈرەشچان باللار قوغلۇشۇپ يىللار،
كۈرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار
قەۋرىنى يادلاپ، گۈللەر ياپىدۇ.

مەيلى ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا.
ئىجادىم — شېئىرىمنىڭ ئىز تامغۇسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بوينىدا.

قىرىمىسمەن كۈرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قىلىش، كۈرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام،غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەر دەم يادىمدا.

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقىمىز كەڭ غالىپ يولغا.

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاھلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزدىرىشتىن ئارتۇق كورىمەن ئۆلۈمنى.
قىرىتىمەن دەپ ئارتۇق كوڭۈل بولمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئوپقۇنلىرىڭنى ياردۇ بىزنىڭ كاراپ.
يىلنىڭ ئۆتىشى بىلەن قورقۇتۇپ باقساڭمۇ،
ئىجات — يىللارنى قىرىتىدۇ دەپ بېرىمىز جاۋاپ.

1944 – يىل، يانۋار، ئاقسۇ.

## خىيالچان تىلەك

تىڭىر قىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بىلەكلەرنى.

مەرت باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيەسىز سولدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى.

خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبى بالا،
ئېمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كوزى بىلەن كورىمەن رۇشەن بۇرجەكلەرنى.

جانان ناز ئۇيقىدا يېتىپ نىچۇك تولغانماس؟!
ئاشىغى كۇتۇن تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى...

نىمىشقا يازماي تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لېرىكلارنى.
سۆيگۈ ئىشقى ئورتەپكويدۇرسە يۇرەكلەرنى.

ئەزەلدىنلا خىيالچان... مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چوچەكلەرنى.

سۆيگۈ دېڭىز چوڭقۇرلىغىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇغۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كولچەكلەرنى.

1945 - يىل، ئىيۇن، ئاقسۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئېمىن ئەخمەدى

# غەزەللەر

## ئاقسۇ

مانا بوستانە كوكسۇگدە، رىۋايەت جەننەتى ئاقسۇ،
نە جەننەتتۇر، ئۇنىڭدىن خوپ ئېسىل، ئەل زىننەتى ئاقسۇ.

چىمەنزار تاغلىرىڭ ئالتۇن، باياۋانلار گۇلى رەنا،
يوقالدى تاك بىلەن كەلمەس ئەبەت ياۋ زۇلمەتى ئاقسۇ.

ۋەتەننىڭ كوركىدۇر ھەر كىم يۇزىدە كۇلكىسى مەغرۇر،
بېزەپ رۇخسارى ئاي قىلدى سېنى يۇرت مېھنىتى ئاقسۇ.

خۇشالدۇرمەن قۇچاغىڭدا ئېناق پەرزەنتلىرىڭ ئاندىن،
ولۇپ جەڭگاھ كۇلۇپ يايرار، قۇرۇپ دىل سوھبىتى ئاقسۇ.

مۇر، ئاشلىق، نېفىت، بايلىق ئېقىپ ماڭغاندا ھەر يانە،
غار يامغۇر كەبى شەننىڭ ئۇچۇن خەلق رەھمىتى ئاقسۇ.

يادىر سەن، بۈيۈك تارىم ئارا شانلىق سەپەر باشلاپ،
ۇغ ئارزۇغا يەتمەكنىڭ ئىشەنچى، قۇدرىتى ئاقسۇ.

شەرەپ تارىخ بېتىدە زەر كەبى چاقنايدۇ سايرامى، ①
ھايات مەڭگۈ ئۆنىڭ رەڭدار، باھاسىز شوھرىتى ئاقسۇ.

ئېلىپ زارىڭ ئۈچۈن خەنجەر، سېنىڭچۈن جان پىدا قىلغان،
شېھىت ۋە ئوركىشلەردەك زامانىم پەرھىتى ئاقسۇ.

ھاۋايۇ ـ لەزمىگە ھەغدا، ئىتىگىدە ئەزىم دەريا،
گويا گۈل ئۈستىگە كەشتە كۆچارنىڭ سەنئىتى ئاقسۇ.

سېخى توققۇز بۇلاغىمىنىڭ تۇراركى كوزلىرى ئويغاق،
ئەجەل يوللار نىجىسلەرگە تومۇر تاغ ھەيۋىتى ئاقسۇ.

جاھان بەرنالىرى شەيدا گۈزەللنى ساقلىغان مىڭ ئوي،
قىلۇر ئاشىق يۈرەكلەرنى ئەسىرنىڭ ھىكمىتى ئاقسۇ.

ئەزىز تەكلىماكان باغرى ئېسىل ئاق پاختىنىڭ كانى
چىلىش ئىچرە نامايەندۇر ئۈمۈرنىڭ قىممىتى ئاقسۇ.

ئۈزۈم، قوغۇن، ياڭاق، شاپتۇل دېبان داستان يېزىلغاندا،
بى تەھقىقكى پۈتۈن ئالەم بازارى باش بېتى ئاقسۇ.

جىمى نېمەت قاتارىدا پولۇ ـ سۇلتان، ئاتالغانلار —
ئۈچۈن ھەر ئان ئاياندۇركى كۆرۈچىنىڭ خىسلىتى ئاقسۇ.

ئېغىزدىن كەتمىگەي ھەرگىز، شارابۇ ـ ئەنتە ھورراننىڭ:
چىقىپ جاملار ئارا شىرىن پۇراقۇ ـ لەززىتى ئاقسۇ.

---

① ۋىلايىتىمىزدە گۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس، ئالىم موللا مۇسا سايرامى
كە:دە تونۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېزىپ چىقتىم تيانشاننى، ئوزەڭدەك نازىنىن ئازدۇر،
زەپەر ئاسمىنىدا ئۇچقان ئىلىمنىڭ بۈركىتى ئاقسۇ.

نىگاھان ئولىمگەن بولسا چىنى ـ ماچىنىدا ئەخمەتشا،
دىيۇر ئەردى: ئىككەن دۇلدۇل ـ ماكانى شەۋكىتى ئاقسۇ.

تىمردىش، يۈكسەل، يولۇك پارلاق، ھېلىھەم غازىيانە بول
بېشىڭنى سىلىغاي ھەردەم، دەۋرىنىڭ شەپقىتى ئاقسۇ.

قېنى ساقى قەدەھ تۇتقىل، يازاي ماھى تابانىمنى،
كۆلۈپ، ياشناپ ئوتەر بولسۇن قەلەمنىڭ ئۈلپىتى ئاقسۇ.

## كۇچار كورپىسى

جامالىڭغا قاراپ سالقىن سىيادىن ھەم قارادەرلەر،
قويۇپ بولمايدۇ زىننەتكە تاۋار، بەرقۇت ئارادەرلەر.

كىمكى بىلسە قەدرىڭنى گويا قۇندۇز كەبى جىسمىڭ،
چۇشۇرمەي قولدىن سىپاپ، تېپىلماس تۇتىيادەرلەر.

يولۇپ باشى ئارا سولەت قونار بولسا يىگىتلەرگە،
يۈرەگى ئويىنىبان دىلبەر، باقايچۇ بىر قىيادەرلەر.

گويا جەۋھەر كەبى چېھرىڭ جۇلاھى چاقنىتۇر كوزنى،
ئېرىشمەكچۈن ۋىسالىڭغا جىمىدىن ئەتىۋادەرلەر.

ئۈزۈم تورپاندا مەشھۇردۇ، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى تاتلىق،
ئىلكىن، سەن گۈلى ـ رەيھاندەك، جاھاندا بىمباھادەرلەر.

قەدەم قويساڭ دۇكان ئىچرە، سەپەرنىڭ زاتى - ئەھلى بوپ،
كۆتەرگە توپلۇنۇپ بارچە، ئېزىزىم مەرھابادەرلەر.

چىقار بولساڭ ئەگەر لوندۇن ۋە يا تېھران بازارىغا،
بولۇپ ھەيران خېرىدارىڭ ۋۇجۇدۇم مەھلىيادەرلەر.

پەقەت داڭقىڭنىلا ئاڭلاپ، يۈزۈڭنى كورمىگەن ئاشىق،
ئەجەپمۇ قىلىمەدى بىزگە تەرەھھۇم ئىلتىجادەرلەر.

ئېلىمنىڭ قوينىدىن شۇ دەم ئۇرۇن ئالماقتىسەن كاتتا،
كىمكى يەتمىسە ۋەسلىڭ، ئۇرۇپ ۋاھ. ھەسرىتادەرلەر.

ۋەتەنگە شان-شەرەپ تاپتىڭ، كېلىپ جاڭگال ۋە يايلاقتىن،
كېزەك تەگتۈشلىرىڭ ماختاپ، قاتاردا پادىشا دەرلەر.

سىياقىڭدىن پەرەز ئەيلەپ، سىنىمگچۈن تەر ئېقىتقانى،
ئەمەس ئاددىغىنە مالچى، خاتاسىز ئەۋلىيادەرلەر.

سوراپ قالسا مۇبادا چوڭ بولۇپ ئۆسكەن يېرى قايسى؟
سىنىمگچۈن ماختىنىپ شائىر، ماكانى ئۇل كۇچاردەرلەر.

## مىڭ ئۆي

يۇرتۇم-تارىخا شان - شوھرەت، مۇقەددەس يادىگار مىڭ ئۆي..
مۇزات باغرىدا ئەگگۈشتەر كەبى نۇرلۇق دىيار مىڭ ئۆي.

گۈزەل يارىنى ئاختۇرغان مۇھەببەتلىك يىگىت ئوخشاش،
جىمى ئىقلىم جامالىڭنى كورۇشكە ئىنتىزار مىڭ ئۆي.

كورۇپ تاملاردىكى نازۇك پەرىشتەنىڭ ۋىسالىنى،
يۈرۈپ بىر سەير ئەتمەككە قىلۇرلەر ئىختىيار مېنىڭ ئۆي.

دېۋارىڭ غىنچىمدە تاشلىق، قىيا باقسا ئىچىڭ گوھەر،
بوۋاملار ئەجرىگە شاھىت لەتاپەت، جىلۋىگار مېنىڭ ئۆي.

تېگى يوق ئۆلدا سەنئەتنىڭ ئويۇقلاردا گۆزەل جانان،
تىرىكتۆر ھورى- غىلمانلار، لىۋىدىن مەي تامارمىڭ ئۆي.

شېرىن ۋەسلىمدە ئول پەرھات مۇرات تاغىنى چاپقاندا،
كېلىپ لەرزىگە يەر-ئاسمان، جاھاننى ئويغىتار، مېنىڭ ئۆي.

بەجايىكى شېرىنىنىڭ كوز يېشى يەڭلىغ چۆشەر تامچە،
نە تامچىكى، مېھىر سەندە ياشارتقان روزىغار مېنىڭ ئۆي.

تومۇر تەنلىك، كۆمۈش ياپراق دەرەخلەردە مېۋەڭ ئالتۇن،
بېزەپ گۈللەر ئارا ھوسنۇڭ، بىنادۇر ئۈزۈمزار مېنىڭ ئۆي.

قېزىلغانسەن ئۇلۇغ ئەجدات تېرى ئاققان قىيالاردىن،
نەقىيا دۇركى، جەننەتتەك مىسالى گۈلئۇزار مېنىڭ ئۆي.

ھايات بولسا يەنە تاگىمىڭ قەدەم تەشرىپكە بىر مەرتە،
دېيۇردى ، ھۆششەرە! پەيدا بولۇپتۇ نەۋ باھار مېنىڭ ئۆي.

ۋە لېكىن، بىر زامان مەلئۇن يۈزۈڭگە قول سېلىپ مۇدھىش،
تېنىڭنى ئەيلىدى پارە، قەپەزدە خاكسار مېنىڭ ئۆي.

دىدى ئالجىپ، ئەمەس دۇڭخۇاڭ بىلەن بىر ئانىغا پەرزەنت،
ئەقىدەڭ ساختا گەپلەرنىڭ كېلىمگە زولپىقار مېنىڭ ئۆي.

بۈگۈن شات سەن، خارابلىقتىن قۇتۇلدۇڭ تاكى مەڭگۈكە.
تىيانشان تاجىسى بولدۇڭ، ھاياتىڭ بەختىيار مىڭ ئوي.

سېنى كوردۇم، دىلىمغا ئورنىدى ئۇنلاپ ئەسىردىن نۇر،
تېخىمۇ كورمىگەنلەرنىڭ نىگارى - زۇلخۇمارمىڭ ئوي -

## ئەسلىمە

كىرىپ ئوتتۇز يەنە بەشكە كورۇپمەن خوپ كارامەتلەر،
ئوتتۇپتۇ كوپ كىشى باشى ئارا كورمىڭ مالامەتلەر.
جاھاننىڭ ھوسنىگە يارقىن ئېچىپ ئەردىم سۇيۇشتىن كوز -
ماڭا كولگەن ئىدى ئەلمۇ، دىنيان كورگەن ھالاۋەتلەر.
ھە راستلا ئەجرىلەر قىلدۇق، ئېچىلدى لالىلار خۇشبۇي،
ۋەتەن باغرىغا لىباس بوپ يېپىلدى ھور پاراغەتلەر.
ئوسۇپ ئەقلىم ئىشەندىم خەلق يولى جەڭدە ھامان غالىپ،
ئېلىشتىم نەچچەرەت كەسكىن، كورنىگە كىردى نامەرتلەر.
قەلەم ئالدىم ۋە يازدىمكى: شۇ بۇ ئىقبال ھايات مەڭگۇ -
سالالماس قول ئاڭا زىنھار، دىلى مۇدھىش قاباھەتلەر.
لېكىن ئومرۇمدە ساق ئون يىل بوپ تارىخ ۋارىغى ئاپپاق،
گويا كوز يامپرىغى يەڭلىغ چېكىپتۇرمەن نادامەتلەر.
نە ئاقتۇر، ئۇستىدە قاننىڭ ئىزى يالداملار بولدى،
ھىلى ھەم سىلىسام كوكسۇم ئارا پۇتمەس جاراھەتلەر.
كەبى قۇم ئاستىدا قالغان، ئۇزاق ئوتمۇشتىكى كارۋان،
كومۇلدى ئىز -دىبرەكسىز بوپ بۇيۇك غايە،شىجائەتلەر.
تۇتۇپ قولغا تاياق -توقماق، گېزى كەلسە ئۇرۇپ يەنچىپ -
ئېلىپ كەلدى زامانەم قوينىغا ئاپەتنى جاللاتلار.

ھەقىقەت يەر بىلەن يەكسان بولۇپ ، يالغان كوتەردى قەد،
سوكۇلدى زەر كەبى تارىخ يۈزىدىن قانچە مىڭ بەتلەر .
ياۋۇز تەختىنى گۇم ئەيلەپ داۋانلار ئاتلىغان باتۇر-
بىشىغا ياغدى يامغۇردەك چىداپ بولماس ھاقارەتلەر .
چېلىشچانلار بولۇپ مەھبۇس ، زوراۋان سەيلىدە مېھمان ،
كوزا چاققان ئېزىز بولدى ، سۇ كەلتۈرگەنگە غەيۋەتلەر .
جاكادا ئاڭلىدۇق : بىر سوزكى ئون مىڭ جۈملىگە تەڭ دەپ،
قۇرۇق شۇئار بىلەنمۇ بولىدى ھېچ ھەل ئىجاۋەتلەر .
سىيادەك تۈن ، تۇيۇق يوللار ، كوڭۈل غەمناك.توساق قات - قات
تېپىپمۇ بولمۇدۇم روھى - ماجالىمغا شاپائەتلەر .
خارابە ھەر قايان باقساڭ ، يېرىلغاندۇ ئېرىق سۇسىز ،
كويۇپ كۇل بولدى مېھنەتنىڭ نىشانى-ئوي-ئىمارەتلەر .
دالالار چول،زاۋۇت ئىشسىز ، ئوقۇشلار يوق، چىراي سۇلغۇن ،
تۇتۇشتى ياقىسىنى توۋا! - دىدى ئەھلى - جامائەتلەر .
بوۋامدىن ئاڭلىغان ئەردىم قارا كۇنلەر ئازاۋىنى ،
گويا تەكرار ئايان بولدى يوقالغان شۇم ئاسارەتلەر .
دىدىم مەنمۇ نىمە غەۋغا ، يېتەرگە مۇددىئا قايسى ؟
ۋە ياكى كەلدىمۇ چوچەك ئارا ئىشتكەن قىيامەتلەر .
ئۇلۇغ ئولكەم — ئانا يۇرتۇم تىزىنى پۇكمىگەن ياۋغا ،
ھوكۇم سۇرگەن ئەمەس ھەرگىز ، جازالانماي خىيانەتلەر .
غەزەپىنىڭ كەلكۇنى يامراپ بوسۇپ ئوتكەن دوزاقلارنى ،
تامام قىلغان ئاخىر خەلقىم دىلىدىن ئاھۇ - پەرياتلار.
ھىلى ھەم ئۇرغىدى نەپرەت قىساسىنىڭ نەيزىسىن بەتلەپ،
غۇلاپ چۈشتى مېنى پىغانىمان قىلغان كاساپەتلەر.
بۈيۈك تارىخ دىيارىمغا باھارنى قايتۇرۇپ كەلدى ،
دى تەھقىقكى باھارنىڭ قوينىغا سىغماس نىجاسەتلەر.

ئانا باغۋەن ئۇلۇغ كومپارتىيەم پەرۋىش ئېتىپ باغنى ،
ئىسسىپ قىلدى يەنە بىزگە تېخىمۇ شات-سائادەتلەر .
قارايمەن تاڭ ۋىسالىغا زامانەم بولبۇلى خەندان -
ئۇرۇر، چۈنكى مانا ئالدىمىدىدۇر مىزان-كاپالەتلەر .
ئوكۈنمە ئەخمەدى ئۇن يىل ئىچىدە كوپ ئىقبال تاپتىڭ ،
ئەقىل ئولكى، خەلق غالىپ ،ياۋۇزغا نەق ھالاكەتلەر .

## ئارزۇ بوستانى

« جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈمىت بار ... »

-- گېزىت خەۋىرى

تا ئۈمىت بولسا جەنۇپنىڭ پەيزىنى ئاقسۇدا كور ،
نە جەلۇپ، ئاقىباش تىيانشان لەۋزىنى ئاقسۇدا كور .
تاغ - دالانى باغۇ- بوستان قىلمىغىچە توختىماس ،
ئىشقى يالقۇن خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى ئاقسۇدا كور .
نەچچە مىڭ يىللاپ چېلىشقان ياۋنى تار -مار ئەيلىگەن ،
شاھى پەرھاتتەك يىگىتلەر نەسلىنى ئاقسۇدا كور .
كوڭلى خۇشنۇد،لەيلە بويلۇق ، مەڭزى گۇلدەك ئوت يۇرەك ،
ياكى شىرىن ، ياكى زوھرا ۋەسلىنى ئاقسۇدا كور .
سۇت بېرىپ پەرزەنتىگە ئاچقان قۇچاق، تەكلىماكان،
نەھرىنىڭ سۇيگۇ - مۇھەببەت مەۋجىنى ئاقسۇدا كور.
دوستقا مۇشتاق، ياۋغا خەنجەر، ئىشتا چاققان، پەھلىۋان،
بەستى تاغدەك زەربىدارلار قەھرىنى ئاقسۇدا كور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەدىمىز شۇ ئەندى قولدىن بەرمىگەيمىز غەلىبىنى،
ھەرنە كۆلكە، شات - خوراملىق سەيلىنى ئاقسۇدا كور.
ئەخمىدى، قايدا بەخت دەپ بوينۇڭنى سوزما تەلمۈرۈپ،
بەختكە تولغان ئارزۇ بوستان ئەۋجىنى ئاقسۇدا كور.

## تەشەككۈر

«مەشھۇر مۇقام ئالىمى، شائىرە ئامانىسا خېنىم» ناملىق سۈرەتنى كورۇپ رەسسام غازى ئەمەتكە بولغان چەكسىز ھورمەت ھىسسىياتىم بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم:

رىزادۇرمەن، زۇلالسەنئەت بېغى ئىچرە شىكار قىلدىڭ،
مۇقاملار يۇرتىغا ھەيكەل قويۇشنى ئىختىيار قىلدىڭ.
پىرى چەنگىن ① يارالغان ئول قەدەم يەر كەنت سارايىنى،
ناۋايۇ - نەزمە بابىدا تېڭى يوق زۇلخۇمار قىلدىڭ.
بوۋاملار ۋەسلىنى ئىزدەپ خىيالىم ئەيلىگەن پەرۋاز -
مەھەل، سازەندە تەييار دەپ سىنەمنى بىغۇ بار قىلدىڭ.
گويا شۇدەم ئەسىرلەر ئىلكىدە ھورمەتتە تۇردۇق بىز،
يۈرەكلەرنى مۇقام خاقانىغا بىقارار قىلدىڭ.
پىرىشتەدەك قولۇڭ تۇتقان قەلەمدىن ھاسىلىچولپان،
سابانىڭ مەرغۇلى بىرلە ئۇ شال تارىخنى بارقىلدىڭ.
نە تارىختۇر، دىلىڭ يالقۇن،شۇڭا ئوتكەندىمۇ يىللار،
ئانا يۇرتىڭ ساداسىغا بولەكچە ئېتىبار قىلدىڭ.

---

① چەنگىن — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ نامى

مۇھەببەتلىك ۋۇجۇدۇڭ لاۋۇلداپ گوياكى ئوتقاشتەك،
تيانشان نەسلىدە شوھرەت، غۇرۇر ۋە ئىپتىخار قىلدىڭ.
مەگەر كورسە جىمى ئۇستاز ئىجادىڭغا قالۇر ھەيران،
ئۆزەڭنى چۈنكى ئەجداتلار يولىغا تۆھپىكار قىلدىڭ.
دىگەيمەنكى··· ئۇلۇغ تارىخ گۇۋاھى، ئاشىناسى سەن،
بالاڭ ـ چەۋرەڭگە، خەلقىڭگە جاۋاھىر يادىكار قىلدىڭ.
تەشەككۇر ئەي پىرى غازى، سېنىڭ بىرلە ئايان ئارزۇ،
ئانامغا جان بېرىپ ئۆلمەس، ئەبەتلىك بەر چىنار قىلدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئەخمەتۋاھىدى

# ئوتۇك سودىسى

(ساتىرا)

بىر ئوتۇك ئالماقچى بولۇپ بازاردىن،
خېلى كوپ يول ماڭدىم دۇككان ئارىلاپ.
دوقمۇشتا ئۇچرىتىپ مۇزدۇز ئۇستامىنى،
— ئوتۇكنى ساتامىلا؟ - دېدىم ئالدىراپ.

كورسىتىپ ساددا، پاك ھۇنەرۋەنلىگى،
ئۇستامىنىڭ ئاقارغان بۇرۇتلىرىدىن،
ياغاتتى ئادالەت، ساخاۋەت دېگەن
يېچىرلاپ ئوقمىغان دۇرۇتلىرىدىن.

ۋاپاسىز يىللارنىڭ شاھىتى بەلكى،
قاپ - قارا قولىرى، مۇكچەيگەن بېلى.
ۋە لېكىن شۇنچە شات، شۇنچىلىك تىمەن،
لاپ ئەمەس چاقماقتەك راۋاندۇر تېلى.

سۆرتىدى ئۈتۈكنى يەڭلىرى بىلەن،
توپا ۋە چاڭلارغا كايىپ بىر ھازا.
سۆزلىدى ئۆزىگە پىچىرلاپ ئاستا:
”خېرىدار قارىمغۇ، ئىنساپسىز بازا!“

- گەپ ساتماي نەرقىنى ئېيتىڭا، - دىسەم،
ئۇستام قىزىرىپ تىرىكىپ كەتتى:
- توشقاننىڭ تېرىسىمۇ بولىدۇ ئۈتۈك،
ياخشىراق بىلىۋال باھا پەرقىنى.
بىكارغا بېرىشكە يارايمەن ئۇكام،
ئالدىرىما سوراشقا ئۈتۈك نەرقىنى.

ئەللىك كوي قىلىشتى بەرمىدىم ھىلى،
ئاتمىش كوي تاشلايدۇ ئالسىمۇ ئوغرى.
يەتمىشكە ئېلىۋال دىنىغان باھا شۇ،
سەكسەنگە سېتىلسا بولاتتى توغرى.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ سالا - سۆلۈچى،
ئۈتۈكنى ئاتمىش كوي قىلىپ پىچىشتى.
بوپتۇ - دەپ پۇلۇمنى ساناي دىگەندە،
ئۇستامنىڭ ئاغزى يەنە قىچىشتى:

- ھەسسىنەي ئۈتۈكۈم ئەرزان كەتتى - دەپ،
دەرۋەقە، پىشانەڭ ئوڭ ئىكەن ئۇكام.
سېنىڭدىن باشقىغا بەرمەيتتىم ئۇكام،
پۇلدىنمۇ يۈز - ئابروي چوڭ ئىكەن ئۇكام.

ئۆزاتتى ئوتوكنى ماڭا خوشچىراي،
بىر تاغار گەپ سېتىپ ھۆنەرنى داڭلاپ.
قىزىقىپ بازارچى تەرەپ - تەرەپتىن،
يىغىلدى ئۇستامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

- كاپكازچە تىكىلدى، رەختكە قارا،
جاڭگاللاردا كەيسەڭمۇ ئون يىل چىدايدۇ.
چەملىرى قاتمۇ - قات پاشنىسى پۇختا،
تويىدا ماڭساڭمۇ ھەم غاچىلدايدۇ.

خىرومى شاڭخەيىنىڭ، چەمى غۇلجىنىڭ،
ئىزدىمەس تۇمشۇغى توقماقتا ئۇرسا.
قاراپ باق پەدە كار، پوسۇنلىرىغا،
ھەممىنى تارتىدۇ پاقىراپ تۇرسا.

تېپىلماس ھونەردە قىلچىلىك ئېۋەن،
قېنى، تىلىڭ بولسا سوزلە خالايىق.
پۇلۇڭغا قارىماي كىيىۋال ئۇكام،
ئوتىكىم سېنىڭدەك يىگىتكە لايىق».

ئۇستامنىڭ سوزلىرى ياقماي قۇلاققا،
يىغىلغان كىشىلەر زېرىكىپ كەتتى.
بىپۇل دىگەن سەن - بىزگە قولنىڭ كىرىدۇر،
ئادەمگە ئاش-ئوزۇق ياخشى گەپ دىگەن.
ئادەمدە ئادەمدەك خىسلەت بولمىسا،
ئوتقىمۇ تاشلايدۇ پايدا - نەپ دىگەن.

تۇققانلار، بازارنى باستى يالغانچى،
هوشيارراق بولۇڭلار ھۇنەرى ساختا.
ئىچىدە يىرتقۇچ توڭگۇز قاترايدۇ،
ۋە لېكىن تىڭشىساڭ گەپلىرى پاختا.

ئوتتۇكنى كەيگىلى ھەپتە - ئاي ئۆتمەي،
بەئەينى قار كەبى ئاقىرىپ كەتتى.
بىر كۈنى كىيەي دەپ قونچىدىن تارتسام،
پەرت قىلىپ يىتىلدى، پەشنىگە يەتتى.

"توقماقتا ئۇرسىمۇ ئېزىلمەس تۇمشۇق"
ئىشتىنىڭ قۇيرىغىدەك ئۇرىلىپ قالدى.
بىر پاشنا ئۇياقتا، بىرى بۇياقتا،
ھەتتا ئارقامدا سورۇلۇپ قالدى.

زاڭلىقچى دوستلارغا بولدى تاماشا،
يىگىتلىك ئابرويغا يەتتى كوپ ئىزا.
قەلبىمدە قايىنغان غەزەپ - نەپرەتتىن،
ئىككى كۈن گېلىمدىن ئۆتمىدى غىزا.

ئۇستامنىڭ ئېچىلىپ گۇلقەقەلىرى،
رازىدۇر ئامىتى كەلگەنگە بۇدا.
ۋە ياكى هارامنى ئوغرى كوتۇرۇپ،
رىسقىنى يانچۇقتىن قىلغاندۇ جۇدا.

نەپرەتلىك ئۇستامنى كورمىدىم ئەسلا.
بىلمەيمەن ئولدىمۇ - تىرىكمىكىنتاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەرزىمنى ئاڭلاشقا كىمنىڭ چولىسى،
شەربەت يالغانغا شىرىكمىكمىنتاڭ.

زىيانغا ئۇلمىدىم، بىراق، ئالدامچى،
ھىلىلىق ئىشلىتىپ پۇلۇمنى ئالدى.
خەيرىيات، بۇ ئاددى ئوتۇك سوددىسى،
ئەمدى گەپ راستسۆزلەش ئۈستىدە قالدى.

1962- يىل 20- فېۋرال، كەلپىن

## سۆيگۈ خېتى

مەن كۆڭلۈمنى قويۇۋەتسەم مەيلىگە،
بارماقچىكەن سېنىڭ بىلەن سەيلىگە.
مەپتۇن بولۇپ چىرايىڭغا، نازىڭغا،
كىرەلمەيمەن بەڭۋاش كۆڭۈل كەينىگە.

يوشۇرساممۇ بىلىۋالدىڭ سىرىمنى،
كۆپتىن بۇيان كۆڭلۈم سېنى تارتىمدۇ.
ھەر قارىسام سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭگە،
نېمىشقىكىن بىر گۇمانىم ئارتىمدۇ.

بىلىپ شۇنى سوراپ قالدىڭ مېنىڭدىن:
— چىرايلىققا ئاشىق بولۇش گۇنامۇ؟
مەن سورايمەن جېنىم سەندىن ئېيتقىنا،
مۇھەببەتكە زادى چىراي گۇۋامۇ؟

ئاي جامالىڭ ئوخشىمىسا دىلىڭغا،
چىراي دىگەن كوزگەكىرگەن تۇتۇنكەن..
چىرايلىقتىن ئەپقاچمەن كوزۇمنى،
چۈنكى، كوڭلۇم ئومۇر بويى پۇتۇنكەن..

چۈشەنگەنسەن مىنىڭ سۆيگۈ سىرىمنى،.
ئاي يۈزۈڭگە ئىپىتالمىدىم تەپ تارتىپ.
چىرايىڭنىڭ كۈۋالىقا ئىشىنىپ،
چىدالمايمەن ئۆمۈر بويى دەرت تارتىپ..

ئوقۇپ باقساڭ مۇشۇ سۆيگۈ خېتىمنى،
ئىزھار قىلدىم تۈنجى مۇھەببىتىمنى.
ئىشەنمىسەڭ يۈرۈگۈمنى يېرىپ باق
سەن چىقمىساڭ يوتكىۋېتەي ئېتىمنى.

1963- يىل 15- ئوكتەبىر ئۈرۈمچى

## ۋەتىنىم

مەدەنگە بايدۇر تاغلىرىڭ،
بېھىش پۈرايدۇ باغلىرىڭ.
مەڭگۈ خۇشاللىق چاغلىرىڭ.
بەختكە ئاشىنا ۋەتىنىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

باقسام ئۇن توت يېشىمغا،
تاج كىيىپسەن بېشىمغا.
مەخمەت شەرۋەت ئىشىمغا،
كۆرەشكە تەشنا ۋەتىنىم.

باسسەن تېخى ئالغا،
يېتەسەن ئىستىقبالغا.
مەشھۇرسەن يەر ـ جاھانغا،
گۈللەپ ـ ياشنا ۋەتىنىم.

1964 ـ يىل، 1 ـ ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئانا يەر

تەر تۆككىن ماڭا دەپ ئانا يەر،
قوشقانتىنىڭ سەن مېنى قاتارغا.
گەر رىزا قىلسام ھەققىم يوق،
ئولگەندە يۆت سۈنۈپ ياتارغا.

☆

ئۇڭۇممۇ ـ چۈشۈممۇ بىلمىدىم
يۈرەرمەن تارىمنىڭ بويىدا.
جاپانى تاماشا ئەيلىدىم،
باغرىڭنى گۈللىتىش كويىدا.

بېشىمغا قىرۇلار قوندۇردى،
ۋاپاسىز يىللارنىڭ ئەلىمى،
سېزىلدى سۇرىتىم بەتلەرگە،
قولۇمدا لۇتۇننىڭ قەلىمى،

قومۇشلار سورايدۇ هالىمنى،
تەسەللى ئېيتىدۇ كەتمىنىم.
جاپانىڭ تاغلىرى ئۇشنەمدە،
مەن ئاگا زارلاپمۇ كەتمىدىم.

ئىچىمدە روزايۇ، تىلدا توي،
قولۇممۇ كىپ قالدى ئۇسۇلغا.
هەسرەتلىك ياشلىرىم قۇيىلار،
قاردىسام چىچىلغان هوسۇلغا.

..........................

سېنىڭدىن ئۇنگەن بىر دەرەخ مەن،
كوكلىدىم نۇر ۋە سۇ، هاۋادا.
قۇرۇيمەن ئايلىنىپ قاخشالغا،
سېنىڭدىن ئۇزۇلسەم ناۋادا.

هەر گىيا، هەر چىمدىم توپاڭدىن،
ئەجداتلار هىدىنى پۇرايمەن.
ياپرىغىڭ هىكمەتلەر قامۇسى،
تېشىڭدىن جەڭنامە سورايمەن.

بەخت دەپ بىلەرمەن ئانا يەر،
باغرىڭغا ئاققۇزغان تەرىمنى.
ئۆزۈلسە ۋەسلىڭدىن ئەقىدەم،
ئادەم - دەپ سانايسەن نەرىمنى؟

ھە، شۇڭا، ئانا يەر باغرىڭغا،
تەرىمنى ئايىماي توكەرمەن.
ئۆنمىسە، ئۆنىڭدىن بىر گىيا،
تۆگمەس غەملەرگە چوكەرمەن.

1969- يىل، ماي قەشقەر-مەكىت

## ئىشەك بىلەن قوي

(مەسەل)

بىر ئېغىلدا ياشايدىكەن ئىشەك بىلەن قوي.
قوتىرىسىمۇ كاللىسىدا ھەر خىل يامان ئوي.
يوۋاش قوينىڭ ئىشەكۋايغا ئىخلاسى چىڭكەن،
لېكىن، ئىشەك ياتسا - قوپسا قۇلىغى دىڭكەن.
ئىشەكۋاينىڭ ئېغىز - پۇتى تۇرمايدىكەن بوش،
شۇم نىيەتتە كوڭلى ئەسلا بولمايدىكەن خوش.
نىپەر ئىكەن توخۇ، توشقان، غازغا كورگەندە،
چىشلەيدىكەن خوشامەتنى ئازنى كورگەندە.

كۈندىن - كۈنگە يامان بوپتۇ ئېشەكنىڭ ھالى،
چاغلايدىكەن ئۆزىنى ئۇ يولۋاستىن ئالى.
ياتسا - قوپسا قولدا ئىكەن ئېشەكنىڭ مەيلى،
ناخشا ئېيتىپ گۈلزارلىقتا قىلاركەن سەيلى.
چۈش كۆرەركەن ئېشەك ئالتۇن ئېگە - توقامنى،
ھاڭرايدىكەن شۇڭا ھەر كۈن بىر خىل مۇقامنى:
" ئەي خۇدايا مۈڭگۈز بەرسەڭ ئۈستەم قويىنى،
يارىم بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتكۈزسەم تويىنى.
خوشامەتنى بىلمەيدىكەن قوي دېگەن سارىڭ،
بېشىنى تىقىپ ئوتلا يەيدۇ، سالمايدۇ پارىڭ.
كېلىشمىدى قوي بىلەن ھېچ مىجەز - خۇلقۇم،
ئوخشاشمىدى رەڭگى - روخسار، شەكىل-تۇرقۇم.
توخۇ - توشقان، ئۆدەك - غازنى يەكلىمەيدىكەن،
ھويلا-ئارامغا كىرسە - چىقسا چەكلىمەيدىكەن.
قويغا قىلغان ئىقىدەمۇ كەتتى بىكارغا،
ئەسقاتمىدى بىر قېتىممۇ چىقسام شىكارغا.
ئەي، خۇدايا، قانات بەرسەڭ ئۇچسام ھاۋاغا،
قوي ئۈستىدە ھوزۇرۇڭغا چىقسام داۋاغا.
شۇ خىيالدا ئېشان بولدۇم بېشىمدا سەللە،
مەدەت بەرگىن چىقالمىدىم ئېگىزكەن پەللە.
ھەمرا قىلغىن ماڭا ئوخشاش ئېشەكتىن بىرنى،
گاھى يىغلاپ، گاھى كۈلۈپ ساقلىدىم سىرنى "
ئېشەكۋاينىڭ پەريادىنى ئاڭلاپتۇ ئاللا،
كوك قەرىدىن شۇنداق سادا كەپتۇ دەرھاللا:
" ئېشەك دېگەن نامىڭ بىلەن مەشھۇر سەن ئەلگە
مۈڭگۈز بەرسەم ھاياتلىقتىن قالمايتتى بەلگە.

ئۆتسۈن كۈنۈڭ ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنى بىلمەي،
جىمى مەخلۇق ئۆرۈپ ـ تىللاپ كوزىگە ئىلمەي.
بىر قوزۇققا باغلىنىپ سەن قۇللۇقتا ئۆتكىن،
ئۇرۇق ـ تۇققان ، دوست ـ يارانسىز تۇللۇقتا ئۆتكىن »
شول ۋەجىدىن ئىشەكۋاينىڭ مۆڭگۈزى يوقمىش،
مۆڭگۈزى يوق ئىشەكۋايدىن قوي كوڭلى توقمىش.
ئىشەكۋايمۇ ئۈمىت باغلاپ ئەشۇ داۋاغا،
ھاڭرار ئىمىش دائىم قاراپ كوككە ـ ھاۋاغا.

1973 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى

## ئەمدى

( مۇخەممەس )

يېڭى دەۋران، يېڭى ئورلەش كوڭۈلنى قىلدى شات ئەمدى،
تۆمەنىنىڭ ئەندىشە ـ غەملەر بىلىم ئەھلىگە يات ئەمدى،
تاپار تاغدىنمۇ چوڭ قىممەت ھالال ئەمگەك ئىجات ئەمدى،
ئىجاتچان، ئوت يۈرەك خەلقىم كىشەنلەردىن ئازات ئەمدى،
ئېچىلدى پەندە داغدام يول سىلىشقا جەڭگە ئات ئەمدى.

ۋەتەندە تەلۋە ـ شەيتانلار قۇرۇق گەپتىن بازار قىلغان،
ئىلىم ـ پەن باغىنى چەيلەپ گىياسىزچول، مازار قىلغان،
بىلىم سۆيگەن ئىجاتكارنىڭ دىلىغا كوپ ئازار قىلغان،
تىرەپ پېشانىگە مىلتىق قارا تارىخ يازار قىلغان،
ئۆتۈپ كەتتى ئەشۇ كۈنلەر دىمەيمىز پەندىيات ئەمدى.

جۇگۇن كۆلمەكتىمىز مەغرۇر نىشانغا يول ئېچىلدى ـ دەپ،
قىلىشتۇق تەنتەنە پەنگە قۇياش نۇرى چېچىلدى ـ دەپ،
موززۇرلاندۇق پىداكارلار ئۇسۇپ ساغلام يېتىلدى ـ دەپ،
غەزەلخان باشلىدى نەغمە ئۇنۇمگە ئۇن قېتىلدى ـ دەپ،
يارالدى بەختىيار ئەلدە يېڭىچە كەيپىيات ئەمدى.

ئىجات ئەھلىگە جان بەردى ئۇلۇغ پارتىيە پەرمانى،
قاناتلاندۇردى سۇمرۇغنى ياراتقان يېڭى دەۋرانى،
جاھاننى لەرزىگە سالدى زەپەرنىڭ كۆلكە ـ خەندانى،
چۇشۇشتى بەيگىگە تولپار كۇلۇپ ئارزۇ ۋە ئارمانى،
يۇرەكتىن ئۇرغىدى جۇشقۇن غەيرەت ـ ئىجتىھات ئەمدى.

شەرەپلىك پارتىيە بىزنى ماڭار جەڭلەردە يول باشلاپ،
ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندۇق كاشالنى ئىرغىتىپ تاشلاپ،
ئېچىلغاي رەڭمۇ ـ رەڭ گۇللەر ئىلىم ـ پەن باغىدا ياشناپ،
يارالماس موجىزە ئەسلا بىكار ياتقانغا يانپاشلاپ،
مۇقەددەس بۇرچىمىز پەندە ياراتماق كەشپىيات ئەمدى.

ئازات، ھور دەۋرىمىز ئەيمان، مائارىپنى باھار ئەتتى،
قاراڭ، كومپارتىيە نۇرى باھار ئۇستىگە نۇر سەپتى،
قەپەزدىن قۇتۇلۇپ بۇلبۇل قىلىپ خەندە كۇلۇپ كەتتى،
يۇرەكلەر زوق ھاياجاندا يىنىپ ئۇتتەك خۇشال تەپتى،
قۇرۇق گەپ ساتقۇچى مازلار بازار يوق بولدى مات ئەمدى.

ئېچىپ كوزنى ئەگەر باقساڭ جاھان ئەھلى مارس ئايدا،
تومۇر ئادەم قىلار پەرۋاز چۆشۈڭگە كىرمىگەن جايدا.
بۇرادەر ئېھتىيات قىلغىن، قۇرۇق گەپ بەرمىدى پايدا.
ئىجات تۇلپارىنى جۇرئەت تاياغىدا ئۇرۇپ ھەيدە،
قىزارسۇن يۈز تەبىئەتتىن سوراشقا ئىلتىپات ئەمدى.

يۈرەكتىن چىن قەدىرلەيمىز بۇگۈنكى بۇ باھار - يازنى،
ئۇنىڭ شەنىنى كۈيلەيمىز چېلىپ ياڭراق ئېسىل سازنى،
ئىلىم گۈلشەنىدىن قوغلاپ قۇرۇق سولەت شەكىلۋازنى،
يازايلى بۇ كۈرەشلەردە ئۇزۇپ چىققان چەۋەندازنى،
چېنىققان گاڭ قەلەملەرنى باسالماس قىلچە دات ئەمدى.

1977 - يىل مارت، ئاقسۇ

## قۇتلۇقلايمىز ۋەتەن توينى

جاراڭلىتىپ زەپەر كۈينى،
چاڭ كەلتۇرۇپ تارىم بويىنى.
قۇرۇپ بەزمە قان - قېرىنداشلار،
كۇتىۋالدۇق ۋەتەن توينى.

قەلبىمىزگە بېغىشلاپ ھوزۇر،
ئانا ۋەتەن ياساندى پۇزۇر.
چېكىسىگە قىستۇق گۈل - غۇنچە،
مۇيارەكلەپ توينى مەغرۇر.

تىيانشاندا قىزىدى مەشرەپ،
بۇلبۇل مۇقام ئوقىدى دەسلەپ.
پەرىزاتلار چۈشۈپ ئاسماندىن،
ساما سالدى توينى تەبرىكلەپ.

ئۇيغۇر يىگىت چالدى راۋاپنى،
شاڭخەي قىزى سۇندى شاراپنى.
ئاقىن ئېيتقان ئۇلەڭ - قوشاقنى،
ئېرچى بەردى لايىق جاۋاپنى.

دىلىمىزدا ۋەتەننىڭ نامى،
قولىمىزدا غەلىبىنىڭ جامى.
نەغمە بولۇپ ئۇرغىدى دىلدىن،
ئوتتۇز يىللىق بۇ توي ئىلھامى.

غەلىبىمىزنى قىلىپ تەنتەنە،
بەل باغلىدۇق ئورلەشكە يەنە.
داۋانلاردىن ئاشتى تۇلپارلار،
مەنزىلىمىز كورۇندى ئەنە.

☆

ۋەتەن ھوسنۇڭ جەننەتكە تەڭداش،
شانۇ - شەرەپ پەقەت ساڭا خاس.
ئومۇر بويى كۈيلەيمىز سېنى،
نىشان بويلاپ ئورلە، ئالغا باس!

1979 - يىل سىنتەبىر، ئاقسـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# زەپەر ناخشىسى

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلدۇق بىز،
غەلىبە ئىشقى تولۇپ يۈرەككە.
خاسىيەتلىك يېڭى دەۋرىمىز،
غەيرەت بەردى ئىشچان بىلەككە.
ۋەتىنىمدە زەپەر ناخشىسى،
كۆتۈرۈلدى ئاسمان پەلەككە.

پارتىيىمىز سالدى پايانداز،
يولىمىزغا - كەڭ كېلىچەككە.
گوياكى توز قانات يايغاندەك،
تولدى ۋەتەن رەڭدار چېچەككە.
ئاچتۇق سەھىپە تارىخ بېتىدىن،
يەتتى خەلقىم ئارزۇ - تىلەككە.

" تۆت مەرەز " نىڭ قالپاق - تۆھمىتى،
بېشىمىزدىن كەتتى كەلمەسكە.
قىزىماقتا يېپىنچەكلىرى،
تۈمەن تۈلپار چۈشتى بەس - بەسكە.
ھايات قايناق ، زامانىم پارلاق،
دەۋرىم تولدى ئېسىل خىسلەتكە.

ئەمدى دوستۇم قالمىدى بازار،
قۇرۇق گەپكە، قۇرۇق سولەتكە.
ئىشلەش كېرەك جاسارەت بىلەن،
چوڭقۇر چوكۇپ ئەمەلىيەتكە.
گۈل - چېچەككە ئوراپ ۋەتەننى،
ئېرىشىمىز شانۇ - شەرەپكە.

كۈلدى خەلقىم، كۈلمەكتە زامان،
مەزمۇن كىرىپ ھۈنەر- سەنئەتكە.
زامانىۋى دولەت قۇردىمىز،
كەلدۇق ئەمدى قەتئى نىيەتكە.
پارتىيىمىز يېڭى موجىزە،
توھپە قوشۇپ ئىنسانىيەتكە.

1978 - يىل 8 - ئاي، ئاقسۇ

## يېڭى يىل ئىلھامى

مۇبارەك، ساڭا ئەي، يېڭى يىل،
قوينۇڭغا كىردىمەن سالام - دەپ.
تۇيۇلدۇڭ بىر سوئال قويغاندەك،
غەيرەتكە تولدۇڭمۇ بالام - دەپ.

قىسمىتىڭ تاۋۇلىدى ئىرادە،
يىراقمەن سەپەردە ھېرىشتىن.
ئادىتىڭ كېلىشىڭ - كەتمىشىڭ،
زەررىچە قايغۇم يوق قېرىشتىن.

تۇۋا دەپ تۇتمۇدۇم ياقامنى،
كۆرۈپ سەن ئېپ كەلگەن سوۋغىنى.
ئۆزاتتىم ھەر قېتىم شادىمان،
ئۇلۇمگە قىچقارغان دوغىنى.

تىزگىنىڭ ھەر قاچان قولۇمدا،
مىنۇتۇڭ ئوتمەيدۇ بىكارغا.
ئىجادىم دۇلدۇلى يۈگەنسىز،
ھەر مىنۇت چىقىدۇ شىكارغا.

نەزەر سال كالېندار بېتىگە،
ئىجادىم تامغۇسى بېسىغلىق.
ئوغلۇمغا بەخشەندەم شۇ مېنىڭ،
بوينۇڭغا موجىزەم ئېسىغلىق.

ئىخ، يەنە كەلدىڭسەن يېڭى يىل،
موجىزە تولدۇرۇپ قوينۇڭغا.
ھە، شۇڭا تەبرىكلەپ دىلىمدىن.
سۆيىمەن گىرەسىپ بوينۇڭغا!

1981 - يىل 1 - يىنۋار، ئاقسۇ.

# باشلىق بولساڭ

باشلىق بولساڭ تۈزۈك بول،
قاش تېشىدەك سىزۈك بول.
خەلقىمىز نىڭ قولىدا،
خۇددى ئالتۇن ئۈزۈك بول.

خۇشتار بولماي ساپاغا،
ئۆزەڭنى ئات چاپاغا.
ئۆز نەپسىڭگە چوغ تارتىپ،
قالما تەنە ـ تاپاغا.

ساقلاي دەسەڭ ئېتىڭنى،
خەلق بىلەن ئىجىل بول.
تىلغا ئالسا توھپەڭنى،
ئۇچۇپ كەتمەي خىجىل بول.

يېڭى ئۆزۈن سەپەردە،
ئەلنى ئالغا يېتەكلە.
خۇددى قىزىل ئۈرۈقتەك،
نەگە چاچسا چېچەكلە.

باشلىق بولساڭ كېيىم شۇ،
ئۆز ـ ئۆزەڭنى كۆزەتكىن.
ئېناۋىتىڭ ئاشىدۇ،
خاتا قىلساڭ تۈزەتكىن.

1981 ـ يىل 18 ـ فېۋرال، ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قار ياقىقاندا

« بايىلىقا تولدى قويىنۇم، — دىدى تۇپراق،—
ئاسماندىن توكۇلۇپ ئاق كۈمۈش تەڭگە »
« كېلىدۇ زۇمرەت سۇلار، — دىدى دادام، —
بىز بۇ يىل ياسىغان كەڭ تاش ئوستەڭگە »

ئار كەبى ياغدى دىلغا شېرىن خىيال،
چېكىلگەن دېرىزەمگە گۇل — چېچەكتىن.
نامايان بولدى يۇرتۇم گۈزەللىكى،
جىلۇدار ئەشۇ پارلاق كېلىچەكتىن.

يېپيېڭى ئاق شايە تون مايسىخانىمۇ،
ئېسەنگە خامانلاردا تاغ بولىدۇ.
دېخىنىم تۇردى ئىشقا يەڭلىرىنى،
كۆزلۈككە مەدۇرچىلىق چاغ بولىدۇ.

ئېمەتكە تولدى يۇرتۇم داستىخىنى،
( ھە، بۇ يىل تەبىئەتمۇ شۇنچە سېخى )
كورىمىز چۈشىمىزدە كورمىگەننى،
باھارنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى تېخى.

تەبىئەت سۈيەر شۇنداق ئانا يۇرتنى
قىشتا قار، يازدا يامغۇر يۇيۇپ يۈزنى.
باھارنى ئۇتكۈزۇدۇ شۇنچە خۇشال،
تەقەززا ئاندىنىمۇ بەك كۇتۇپ كوزنى.

تەبىئەت شۇنچە گۈزەل، شۇنچە ئۇلۇغ،
ئېخ، ھايات، تەبىئەتتىن گۈزەلدۇر سەن.
مۇجەسسەم سەندە جىمى مۇھەببىتىم،
گۈزەللىك ئاتا قىلغان ئوزەڭدۇر سەن.

1981 - يىل دېكابىر، ئاقسۇ

## لۇتپۇللا مۇتەللىپكە

ئەي، ئۇلۇغ شائىر مۇتەللىپ سىغىندىم ئەسلەپ سېنى،
كوز ئېچىپ دۇنياغا ئەلدىن ئاڭلىغان دەسلەپ سېنى.

ئاي ۋە يۇلتۇزدىن سوراپ دەريا بويىنى كېزىمەن،
ئۇچرىسا قۇرداشلىرىڭ خۇددى ئاكامدەك سېزىمەن.

ئاي دىدى بەزلەپ مېنى: «شائىر دىگەن ئولمەس كىشى،
نۇر چېچىپ مەندەك ياشايدۇ يېزىلىپ يىلغا ئىشى.

ئەجرىنى بىلمەكچى بولساڭ يەردىكى ئىزدىن سورا،
قەلبىنى كورمەكچى بولساڭ كوككە باق، بىزدىن سورا.

بەستىنى كورمەكچى بولساڭ قارىغاي تاققا قارا،
كوڭلىنى بىلمەكچى بولساڭ لالىزار باققا قارا.

زېھنىنى بىلمەكچى بولساڭ ئۇ گويا شەمشەر قېلىچ،
سازىنى ئاڭلاي دىسەڭ دىلىشىپا كەۋسەرنى ئىچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى جىم ياتسۇن دېسەك مېنىڭىن قەلەمنى ئات قىلىپ،
چاپ ئىجات گۈلزارىدا خەلقىمنى ھەردەم شات قىلىپ.

گوركى ۋە لۇشۇن ئىدىك شائىر ـ ئەدىپلەر بابىدا،
قولغا گەر ئالساق قەلەم ماڭغاچ راۋان ئۇز تابىدا.

گەر قازا تاپماي ئامان يەتسەك بۇ گۈلزار ۋەسلىگە،
توزىماس بىر گۈل قېتىلاتتى ئۇشبۇ سەنئەت پەسلىگە.

بەزىلەر يۈز يىل ياشاپ ھەتتا بوغۇلسا قەرزىگە،
سەن ياشاپ يىگىرمە ئۈچ يىل سالدىڭ دەۋرنى لەرزىگە.

تىگرىتقاپ قالماي ئەجەلنىڭ ئىشتىلىرى كەلسە قاۋاپ،
ئاقسۇدەك جەڭگاھتا بەردىڭ يورغا يىللارغا جاۋاپ.

قىلمىدىڭ قىلچە پىسەنت تۇرسا قېلىچلار پاقىراپ،
چامدىدىڭ ئالغا ھامان «قوزغال، كۈرەش» دەپ ۋاقىراپ.

ئوت يۈرەك ئوغلان ئىدىڭسەن ئەل ئۈچۈن سوزلەيدىغان،
كېچىيۇ-كۈندۈز ۋەتەننىڭ بەختىنى كوزلەيدىغان.

ئەڭ گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل خىسلەت سېنىڭدە جەم ئىدى،
ھەممىگە قادىر ۋۇجۇدۇڭدا پەقەت «مەن» كەم ئىدى.

ئەرك ئۈچۈن جەڭگە يارايدىغان تاغ سۈپەت يولۋاس ئىدىڭ..
تۈلكىدەك ياتساڭ كامادا سەن خاراپ بولماس ئىدىڭ.

شوھرىتىڭ، نامىڭ بىلەن بوزەك - بىتىملار شات ئىدى،
شۇم نىيەت مەلئۇن سېنىڭ ئالدىڭدا رەسۋا-مات ئىدى.

ئوتتىدا كويدۇڭ خەلقىڭ سۆيىدە ئاقتىڭ ھامان،
ۋە لېكىن توستى يولۇڭنى بىۋاپا چەركىن زامان.

كېلىدۇ ئىلھام پەۋەس دىلدا ئېيتىڭنى يادلىسام،
چارچىماسمەن قىلچىلىك،ھەتتا تىيانشان ئاتلىسام.

....................................

كەتتى تۈن، چىقتى قۇياش، كۆلدى ئازاتلىق تاڭلىرى،
كەلدى ياز، كەلدى باھار، سۆزۈلدى زۇلمەت چاڭلىرى.

شان قۇچۇپ يۈكسەلدى تارىخ چوشكەچكە ئىشلار جايىغا،
بەرق ئۇرۇپ غونچە گۈلۈڭ ئېچىلدى-يەتتى ۋايىغا.

جۇ ئانا تۇپراق بۇگۈن بولغاچ مەرىپەت ئوچىغى،
ياش ئۈممەت يۇلتۇزلىرىغا ئېچىلدى پەننىڭ قۇچىغى.

ئاي بولۇپ قالدى ئوتەڭ سەيياھقا بارساق سەيلىگە،
باش ئىگىپ جاھىل تەبىئەت بويسۇندى ئىنسان مەيلىگە.

كور، ئەنە گۈللەپ ۋەتەن نۇرلارغا تولدى ئولكىمىز،
بەختىمىز بولدى نامايان مۇقامدا ياڭراپ كۈلكىمىز.

باشلىدۇق يېڭى سەپەر، كەزدى ۋەتەننى تەنتەنە،
سەن دىگەن مەنزىل تامان ئۇچماقتا تۇلپارلار ئەنە.

1982-يىل 11-ئاي، ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غوپۇر هوشۇرى

# نېگى يېزىغا زىيارەت

( سېكىل )

## نۇر بوۋاينىڭ ئائىلىسى

هەر كۈنى ئىشتىن يېنىپ چوڭۇ-كىچىك،
چورىدەپ رادىيودىن ئاڭلار خەۋەر.
بېيجىڭنىڭ ئاۋازى هەم زەپەر كۈيى،
هەر دىلغا چەكسىز شاتلىق بەخش ئېتەر.

بۇنىڭدىن چارەك ئەسىر مۇقەددىم هال،
رەسىمدەك كۆز ئالدىمدا بولدى ئايان:
چورىدەپ تىلەمچىلىك خالتىسىنى،
تەلمۈرۈپ بۇردا نانغا بىر قانچە جان......

## تاغ سۈيى

تاغ سۈيى يېڭى چاپقان ئۆستەڭلەردە،
ئاقىدۇ يېزا بويلاپ دولقۇنلىنىپ.
تاغ يېرىپ سۇ باشلىغان يېڭى يۈيگۈك،
مەرتلەرنى كۈيلەپ ھامان شاۋقۇنلىنىپ.

دوزىغى شۇم ئۆتمۈشتە بۇ يېزىدا،
قەترە سۇ بىلىنەتتى تۈتىيادەك.
ياتاتتى كەمبەغەلنىڭ يېرى چاڭقاپ،
سۇ قاندىن بىلىنەتتى ئەتىۋادەك.

سۇ بۈگۈن كەڭرى - تاشا يېزىمىزدا،
ھەممە يەر بولدى ياشناپ گۈل-گۈلىستان.
كۈيلەيدۇ يېڭى، گۈزەل يېزىمىزنى،
بۇلبۇللار زوقى بىلەن ئوقۇپ داستان.

## يېشىل سېپىل

ئاسمانغا تىرەپتۇ باش يېشىل سېپىل،
مەپتۇن قىلىپ كاككۇكلارنى ھەر نەۋ باھار.
قورشاۋغا ئېپتۇ قۇملار دوۋىسىنى،
سەپ تارتىپ قەۋەت-قەۋەت، قاتار-قاتار.

ھە، ئەمدى بەڭۋاش بوران خالىغانچە،
قىلالماس مايسىلارنى نابۇت-ۋەيران.
باغلاندى مەھكەم قۇملار دوۋىسىمۇ،
مەيلىچە يۈرەلمەيدۇ كوچۈپ ھەريان.

1974 - يىل 6 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# باھار تاشقىنى

( سىكىل )

## تۇنجى باھار

تىراكتۇر جور بولۇپ زەپەر مارشىغا،
گۆكىرەر گۈلباھار زوقىدا ياڭراق.
ئوتۇپ جۇت، يۈز ئاچقان باھار قۇياشى،
نەقەدەر ئىللىق ۋە نەقەدەر پارلاق.

ئۇندەيدۇ تېرىلغۇ جېڭى كۈرەشكە،
ھەر دىلدا يامرايدۇ باھار تاشقىنى.
ھەر كەتمەن چانايدۇ تۇپراقنى ئەمەس،
ئاپەتنىڭ يىلتىزى-تون ئالۋاستىنى.

ئىككىنچى ئازاتلىق بەرگەن بۇ باھار،
دىللارغا بەخش ئەتتى پۈتمەس جاسارەت.
قانچە كوپ تەر توكسەك شۇنچە شەرەپلىك،
موقاللغاچ بىزلەرنى بوققان ئاسارەت.

# باھار تۇيغۇسى

باھار كېلىپ ئېچىلسا گۈللەر،
قايسى بۇلبۇل سايرىمايدىكەن ؟
گۈزەل باھار زوقىغا چۆمگەن،
قايسى بىر دىل يايرىمايدىكەن ؟

نەقەدەر ئوز، نەقەدەر كوركەم،
بۇ يىل كەلگەن ئۈچىنچى باھار.
تولدى ھەر دىل ئۈمىت ـ ئىشەنچكە
ھەر يۈرەكتە شاتلىق، ئىپتىخار.

بۈرۈن ئوتۇپ كەتتى ئون باھار،
كوكتە بۇلۇت، دىلدا دەرت-ئەلەم.
گۈلزار سولغۇن، بۇلبۇللار غەمكىن،
مىسرا بويلاپ ماڭمىدى قەلەم......

قۇزغۇنلارغا ئەجەل بولدى يار،
باغۋەن يەتكەچ گۈلزار قەدرىگە.
تۇمان تارقاپ، چاچتى قايتا نۇر،
قىزىل قۇياش گۈللەر بەرگىگە.

ئەمدى ياشناپ تولۇق ھۆسنىگە،
ئەڭ خۇشپۇراق چاچسا قايسى گۈل؛
سالالمايدۇ قۇزغۇن دەرت-پىراق،
سايرار ئۈنىڭ بەرگىدە بۇلبۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

زەپەرۇ گۈزەل چاغلار كەلدىغۇ،
دىل جۇشقۇنى بېسىلمايدىغان.
گۈلزار ئارا سايرىسا بۇلبۇل،
غەم-ئەلەمدىن قىسىلمايدىغان.

گۈزەل باھار سىنىڭدىن ئۆزگە،
كۆيگۈنۈم يوق، سۆيگۈنۈممۇ يوق.
دەيمەن شۇڭا: كۈيلەيمەن سېنى،
پۈتۈن ئۆمرۈم ساڭا تەسەددۇق.

☆

بەردى چەكسىز ئىلھام، كۈچ-قۇۋۋەت،
خاسىيەتلىك ئۇچىنچى باھار.
ئالار ئەمدى جەننەت تۈسىنى،
مۇقەددەس يۇرت-بۇ ئالتۇن دىيار.

1979 - يىل، 2 - ئاي 8 - كۈنى.

## تارىخ جازاسى

سېرىق يوكەي چىرمىشىپ - يامراپ،
بوزەك ئەتسە گۈلنىڭ ۋەسلىنى؛
چىۋەر باغۋەن پولات تىغ ئۇرۇپ،
قۇرۇتىدۇ ئۇنىڭ نەسلىنى.

☆

گۈلدۈرلەيدۇ شۇئار ساداسى،
يىغىن زالى كەلگەن لەرزىگە.
ئەل ئالدىدا تىترەر بالاخور،
غەزەپ - نەپرەت يەتكەن ئەۋجىگە.

بۇغۇشلانغان قىلىپ چەمبەر - چەس،
تۇرماقتا ئۇ ئىگىپ بېشىنى.
ئۇنى تۇتقاچ ئەلنىڭ قىساسى،
تۇرماقتا ئۇ توكۈپ يېشىنى.

توت جادۇگەر زورلۇق قىلىشىپ،
قاپلىغاندا بولۇت پەلەكنى؛
نىمىلەرنى قىلمىغان ئىدىڭ،
پۈكۈپ دىلغا رەزىل تىلەكنى!؟

لىن بىياۋدىن، "توت زىيانداش" تىن
ئېلىپ پەرمان تېرىدىڭ بالا.
سېنىڭ ئۈچۈن بايرام بولغان كۈن،
خەلقىنىڭ ھەق تۈتىمغى ھازا!

ۋەھشىلىگىڭ تۆپەيلى نى - نى
پىشقەدەملەر ئايرىلدى جاندىن.
بەزمە قۇرۇپ ئىچتىڭ شاتلىنىپ،
شاراپ ياساپ قىپ - قىزىل قاندىن!

قالپاق، كالتەك بولدى قورالىڭ،
قولۇڭدا ئوت، ھەر يانغا ياقتىڭ.
ئەل ئۆرتەنسە ئازاپ ئىچىدە،
سەن يالقۇنغا زوقلىنىپ باقتىڭ.

سىنىڭ ئىبلىس قارا قولۇڭدىن،
بىگۇنا قان تۆرار تامچىلاپ.
قىلمىشىڭنى توسقىنى ئۈچۈن،
تاپتى قازا سەپداش قانچىلاپ!...

ئىنتىزام ۋە قانۇن ـ پەرمانىنى،
نەزىرىڭگە ئىلمىدىڭ قىلچە.
خەلق قەھرى نەقەدەر ياماﻥ،
لېكىن، ئۇنى بىلمىدىڭ قىلچە!

زەپ ئوخشايدۇ تۆرە قۇڭشۇ تاپتا،
سۇغا چۈشكەن ئىتقا ـ لالمىغا.
كومۇلدۇگەن « لەنەت » ماركىلىق،
قەھرىدىن پۈتكەن تاشقا ـ چالمىغا !

ئۆرۈپ، چېقىپ، بۇلاپ ـ تالىغان،
شۇمپەنلەرچە ئەلپازىڭ قېنى ؟ !
كورەڭلىكتىن جاھانغا پاتماي،
كوكتە قىلغان پەرۋازىڭ قېنى!؟

بۈگۈن سېنى تارىخنىڭ جازا ـ
تۈۋرىگىگە قويدۇق، چىڭ مىخلاپ.
بەلكىم، شۇ تاپ تۇتقاندۇر ھازا
توت جادۇگەر ھېقىغداپ يىغلاپ.

ئەل قەلبىنى يايرىتمۇەتتى،
تارىخنىڭ بۇ ھەقلىق جازاسى.
جۇڭنەنخەيگە ئۇچتى جاراڭلاپ
خەلقىمىزنىڭ رەخمەت ساداسى:

چمۇەر بولغاچ گۈلزار باغۋىنى،
قۇزغۇنلارنىڭ باغرى بولدى قان.
پارتىيىمىزنىڭ مېھرىگە لايىق،
قۇچىمىز بىز جەڭدە شەرەپ - شان!

☆

ئەل دەردىنى ئاساس - ھۇل قىلىپ،
كىمكى سالسا ئۇزىگە راۋاق؛
بولار جەزمەن يەر بىلەن يەكسان،
بۇ - تارىختىن قالغان بىر ساۋاق.

1978- يىل، 10- ئاينىڭ 27- كۈنى

## نىجاتلىق كارۋىنى

پەرزەنت قوشۇن توھپە - ئەجرىدىن
يېڭى جۇڭخۇا - بوستان ياراتتى.
ئەلگە بولغان شەپقەت - مېھرىدىن،
مەڭگۇ ئۇچمەس داستان ياراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭىلىقى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ داستاننىڭ ھەر بەت، ھەر قۇرى
چولپان كەبى نۇر چاچار پارلاق.
يازغانلىرىم ئاشۇ داستاندىن،
كوچۇرۇلگەن بىر شانلىق ۋاراق.

☆

بىرىنچى ئاي،

سۇ ئامبىرىنى

ياپقان ئىدى كوك مۇز، ئاپپاق قار.
ئاشۇ كومۇش تۇۋاق ئاستىدا،
شۇ پەيتتىمۇ يەنە سۇ ئاقار.

باھا بىرىپ مۇشۇ تۇرقىغا
يۇۋاش ئىكەن دىمەك سۇنى سىز.
سۇنىڭ قەھرى نەقەدەر يامان،
كورمىگەنسىز بەلكىم، ئۇنى سىز.

كېچە، جاھان سىيادەك قارا،
كورۇنمەيدۇ كوكتە يۇلتۇز، ئاي.
ھوكىرەيدۇ خۇددى كالىدەك،
دەھشەتلىك سوغ، شىۋىرغان تىنماي.

تۇيۇقسىزلا يار ئالدى ئامبار،
قاچتى سۇلار قاشنى ئاغدۇرۇپ.
گويا تۇپان سۇيى كەلگەندەك،
ئەلگە ئاپەت ـ بالا ياغدۇرۇپ...

☆

بوستان دادۇي ياتار ئارالدەك،
پايانسىز كەڭ سۇغا چۆمۈلۈپ.
ياتار ئەمدى توت ـ بەش گەز سۇغا،
جىمى زىمىن تامام كۆمۈلۈپ.

بۇ يەر ئەسلى ئويمانلىق ئىدى،
ئۈچ تەرىپى تۇتاش چولتاقتا.
شۇڭا بىر كىم چىللاپ كەلگەندەك،
جەمكى سۇ كەلگەن بۇ ياقتا.

تۇن كېچىدە شۇنچە ئۇلۇق سۇ،
تۇسۇن ئاتتەك يۈگۈرۈپ كەلدى.
ئېتىز، ئامبار، ئادەم، ئات ـ ئۇلاق...
ئۆچرىغاننى چوكۇرۇپ كەلدى.

بىر دوڭلۇككە توپلانغان ئىدى،
بالانى تېز سىزەلىگەنلەر.
پىسەنت قىلماي خەۋپ ـ خەتەرگە،
چوڭقۇر سۇدىن ئوتەلىگەنلەر.

بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە،
گۈزەل ئەخلاق ھەممىدىن ئەلا،
دوستلۇق قولىنى سۇنار ھەر تەرەپ،
بىر تەرەپكە چاڭ سالسا بالا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تاڭ سوزۇلۇپ ئورلىدى قوياش،
كەڭ زېمىنغا چېچىپ ئالتۇن زەر.
يېتىپ كەلدى شۇ جايغا قىسىم،
بۇ ئەھۋالدىن تاپقاچ تېز خەۋەر.

پەرزەنت قوشۇن يېتىپ كەلگەندە،
جاسارەتكە تولدى ھەر كىشى.
قېرىدلارنىڭ كوڭلى بوزۇلۇپ،
چاناقلاردىن توكۇلدى يېشى.

ئەھۋال ئۇقۇپ توختى شۇجىددىن،
جەڭچىلەرنى تىزغۇزۇپ سەپكە؛
دەرھال بۇيرۇق بەردى جاڭ لىيەنجاڭ،
ئەزەر سېلىپ دادۇي تەرەپكە:

—«قېرىنداشلار بىز بەن جەڭچىمىز
يار ئېتمشچۇن ئامبارغا كەتتى.
قۇتقۇزۇشچۇن ئامىنى خەۋپتىن،
قەدىمىمىز بۇ يەرگە يەتتى.

بىز — خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى،
خەلق دەردى — بىزنىڭ دەردىمىز.
خەلق ئۇچۇن جاننى تەسەددۇق،
ئەيلەش بىزنىڭ يۈرەك ئەھدىمىز.»

جىددى كۆرەش باشلاندى دەرھال،
سۇغا چۈشتى نەچچىلەت قېيىق.
قەھرىتانغا قەيسەر جەڭچىلەر
قىلماس ئىدى پەسەنت قىلچىلىك.

شىددەت بىلەن ئۇرۇپ پالاقنى،
يېتىپ كەلدى بىر چاغ مەھەللىگە.
ئېچىنىشنىڭ ئوتى تۇتاشتى
شۇ تاپ ھەر بىر جەڭچى قەلبىگە:

سۇ ئىچىدە تۇرار ئات ـ كالا،
سۇ ئىچىدە تۇرار ئۆي ـ بىسات.
سۇ ئىچىدە تۇرار ئاش ـ ئوزۇق،
سۇ ئىچىدە جىمىكى ھايات ...

ماڭدى بىر بەن ئىسكىلات تامان،
بىر بەن ماڭدى ماخو ئىچىگە.
كېلەلىگەي قانداق بىر كۈچ تەڭ،
ئارمىيە ـ خەلق بىرلىك كۈچىگە ؟!

توختى شۇجى ، جاڭ ليەنجاڭ چۈشكەن ـ
قېيىق ئاستا توختىدى مانا .
ئاڭلىدىكى : ئۆيىنىڭ ئىچىدە
يىغلار ئىدى بوۋاق ۋە ئانا .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

« يەغا ئۇنى — بۇيرۇق ! » — دىدى ـ دە ،
لىيەنجاڭ سۇغا ئۇزىنى ئاتتى .
يەدىنىگە مۇزدەك سوغ سۇنىڭ ،
دەھشەتلىك زىخ ـ نەشتىرى پاتتى .

كېچىپ لىيەنجاڭ بېلىگىچە سۇ ،
كىردى ئۇيگە تېنەپ ـ ئالدىراپ .
دولقۇنلىدى مېھرى قەلبىدە ،
ئوي ئىچىگە زەڭ سېلىپ قاراپ :

تۇرار ئىدى سۇغا چىلىشىپ ،
كىگىز ، پالاز ( كاڭغا سېلىنغان ) .
رەھىمسىز سۇ ئۇچاقتىن كىرىپ ،
تامنى تېشىپ سىرتقا يول ئالغان .

يوتقان يىققان ساندۇق ئۇستىدە ،
كوزىدە ياش ، تۇرار بىر ئايال .
بوۋىغىنى بېسىپ باغرىغا ،
سوغ دەستىدىن تىترەيدۇ غال ـ غال .

لىيەنجاڭ دەرھال سۇ كېچىپ بېرىپ
بوۋاق ئۇچۇن ئاچتى قۇچاقنى .
قېيىق بولدى قىرغاققا راۋان ،
جەڭچى كۆچەپ ئۇردى پالاقنى .

كەتتى بوۋاق تاتلىق ئۇيقىغا ،
جىمىپ ئۇنىڭ نالە ـ يىغىسى .
ئەللەي ئېيتىپ ئالغاچ قوينىغا
ئۇنى لېيەنجاڭنىڭ ھەربى جۇۋىسى .

جۇۋا ئەمەس ، ئۇنى ئىللىتقان
ھەربىيلەرنىڭ مېھرى يالقۇنى .
كوتىرىلدى ئانا قەلبىدە ،
تەشەككۇرنىڭ مەۋجى — دولقۇنى :

"كاڭ تەبىئەتئۇندۇرسە ئەگەر
ئالدىمىزغا جاپا تېغىنى؛
جاسارىتىڭ يوتكەپ ئۇ تاغنى ،
بەرپا قىلار بەخت بېغىنى.

سەن بارسەنكى، گۈلزارىمىزغا
تېگەلمەيدۇ قۇزغۇن كوزىنى.
بىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان كۈچ،
جەھەننەمدە كورەر ئوزىنى!..."

قېيىق توختاپ، جامائەتچىلىك،
قولدىن ـ قولغا ئالدى بوۋاقنى.
دەۋەت قىلچە كار قىلماي، ليەنجاڭ
يېزا تامان تارتتى قۇلۇاقنى...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com

شۇ تەرىقە قوتقازدى ئۇلار،
ئادەم، ئاشلىق، مۈلۈك، چارۋىنى.
بىر كۈن، بىرتۈن ئۈزدى قېيقلا،
بولۇپ گويا نىجات كارۋىنى!

☆

مەشرىق ياقتىن ئۇرلىگەن قۇياش،
چاچقىنىدا كەڭ زىمىنگە نۇر؛
ماكانىغا قايتتى جەڭچىلەر،
قالدى خەلق ئېيتىپ تەشەككۇر:

"چاچتى يەنە پارلاق نۇرىنى
ئېسىل ئىستىل، شانلىق ئەنئەنە.
ئارمىيە – خەلق بىرلىگى باركى،
يىزگە مەنسۇپ غەلىبە، تەنتەنە!..."»

1978 - يىل، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

## رازىمىدۇر ئاتا - ئانىسى

(ساتىرا)

ئىمانچە كوپ بەزى ياشلارنىڭ
ئويۇن ئوچۇن تاپقان بانىسى؟
شۇنداق ئوغۇل، شۇنداق قىزلاردىن
رازىمىدۇ ئاتا – ئانىسى؟
قانداق قىلار ئەشۇ ياشلارنىڭ
شۇنداق قىلسا كېيىن بالىسى؟

مومای سۇنار نەۋرە بوۋاقنى،
ئىشتىن چۇشۇپ كەلگەندە بوۋاي.
تۇتۇش قىلار كەچكى تاماققا،
ئالدى بىلەن قاينىتىلدۇ چاي.
ئوغۇل ـ كېلىن كېلىپ، ئەينەككە
باقار «قانداق تۇرغاندۇر چىراي؟».

ئەكس ئېتەر ئەينەكتە تولۇق
ئىككى ياشنىڭ تۇرقى ـ ئوبرازى:
تەبەسسۇمى خۇشخۇي يىگىتنىڭ،
قىيا باققان جانانىنىڭ نازى؛
ئولتۇرشار ساپادا خۇشال،
ئۆز ھوسنىدىن بولۇشۇپ رازى.

قىزنىڭ كوزى گېزىت قۇرىدا،
يىگىتتە ئالار قولىغا كىتاپ؛
ئۇيان ـ بۇيان ۋاراقلاپ بىر پەس.
رەناسىغا قىلىدۇ خىتاپ:
ـ جۇر، ماڭايلى، سەكىپ كېلەيلى.
ئاخشامقىدىن ياخشىراق ئويناپ.

چىقار سىرتقا جابدۇپ ئىككىسى،
ۋالس كۇيى ياڭرار قۇلاقتا،
تۇرۇلىدۇ بوۋاي قاپىغى،
قىقىرايدۇ بوۋاق قۇچاقتا.
موماينىڭچۇ؟ بوشىماس قولى،
ھىلى چومۇچ، ھېلى تاۋاقتا!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرىسى

— بېرىپ كېلەر بوپ قالدۇق يەنە
ئولتۇرۇشقا، ئاتا، بۈگۈنمۇ.
دەيدۇ يىگىت، — كۈتمەڭلەر كەچتە،
بولالمايمىز ئەتە — ئۆگۈنمۇ.
بۈگۈن مەنزىل بولغاچقا يىراق،
يولغا چىقتۇق چۈشمەي كۆكۈممۇ.

كېتەر شۇنداق ياش ئوغۇل — كېلىن
تاماشاغا ئۇدۇل يول سېلىپ.
قالار بوۋاي، تىنمىسىز موماي،
بىر — بىرىگە بېقىپ، خۇرسىنىپ:
— تاماشاغا توغۇلغاندىمۇ،
زەپ ئوتمىدى ئويۇنغا قېنىپ!...

ئوتەر كۈنى ئوغۇل — كېلىننىڭ،
بەزمە — مەشرەپ ئىچىدە خۇشچاخ.
كېچىكسىمۇ ئىشقا ھەر كۈنى،
تاماشادىن قالمايدۇ يىراق،
ئويۇن بىلەن ئوتسە كۈن شۇنداق،
كوڭلى يايراپ ياشارمىش ئۇزاق!

تەۋرىنىدى باققاچ شۇ موماي،
كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىدۇ.
بەزەن چاغدا كىر يۇيسا ئەگەر،
بوۋاي سۇنى توشۇپ بېرىدۇ.
— ئاتا — ئانا قەدرىگە ئۇلار، —
دىر خوشنىلار، — قاچان يېتىدۇ؟

مەنمۇ دەيمەن: قاچان تۈگەيدۇ
بۇ ياشلارنىڭ ئويۇن باھانىسى؟
تۇغۇلغانىدۇ ئۇلار ئويناشقا،
جاپا ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى؟
قانداق ئىملار ئاشۇ ياشلارنىڭ
شۇنداق قىلسا كېيىن بالىسى؟

1980 - يىل 17 - ماي، توقسۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

تو ختــى ئا يۇپ

# نادانلىق

## (مۇخەممەس)

تۇغۇلدۇم ، پەرق ئېتەلمىدىم جاھاندا سەت ـ چىرايلىقنــى ،
پاراغەت ۋەسلىنى ئىزدەپ ، يۈدۈپ كەلـدىم گادايلىقنى ،
ھاياتنىڭ نەچچە رەت بەزدىم ، تاپالماي دىل ئارامىلىقنى ،
كى بەزدىم،ئاھ ئۇرۇپ ياتتىم ماكان ئەيلەپ سامانلىقنى ،
بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەي ، ئىزىز بىلدىم نادانلىقنى .

ئۆزۈمنى ئوخشۇتۇپ شىرغا ، ھامانە كۆلكىگە قالدىم ،
قولۇمدا نەيزە ، مىس قالپاق ، " قىزىل ئىسيانچى" نام ئالدىم،
ئۇۋال قىپ ياخشىغا ، جىننــى قاناتىم ئاستىغا ئالدىم ،
" قېنى ، بىزدەك ئىجاتكار"دەپ ئېگىز مۇنبەردە ماختاندىم ،
بۇ يۇرتتا ھېچ كىشى مەندەك قىلىپ يۈرمەس ساراڭلىقنى .

كى ئەسلا بولمىدى كارىم ئىلىم ـ ئىرپان نۇرى ئۆچسە ،
سەبى دوستلار چېكىپ پەرياد ، يېنىمدا شۇم رەقىپ كۈلسە ،
ئادالەت يولىدا كۆرمەك يىگىت ـ قىز ھەپسىگە كىرسە ؛
كورۇندى جىن چىراق ئارتۇق قۇياشتىن بەلكى مىڭ ھەسسە ،
نادانلىق دەشتىدە چاپتىم ، تاپارمەن دەپ " ساۋاپ " لىقنى.

قارار سىز يولنى كوپ باستىم ، رىيازەت چەكمىشىم كەلدى ،
بەلەن ئەۋازدا ۋەز ئېيتسام ، قاچان ، كىم ماڭا نان بەردى ! ؟
تارىخنىڭ دەستۇرى ئېيتتى : « مېڭىشقا يوقمۇ يول زادى ؟
قېنى ، چاڭجياڭ چەۋەندازى ، قېنى سەن ، تارىم ئەۋلادى ،
ئېلىم ـ پەن تاڭ نۇرى بىرلە ، يۇمامسەن جۇت ـ تۇمانلىقنى . »

ھەقىقەت ئۇ : ئەزىم دەريا يېنىپ كەينىگە ئاقمايدۇ ،
مېغىزسىز لاپ ، شاكال سوزنىڭ قۇلاققا بەرى ياقمايدۇ ،
بوۋاق تەشنا ئۇزۇق ـ سۈتكە ، قۇرۇق ئەمچەككە باقمايدۇ ،
زامان تەشنا بىلىملىككە ، نادانلىق ئەمدى ئاقمايدۇ ،
ئېلىم ـ ھىكمەت بەخش ئەتكەي كىشىگە قەھرىمانلىقنى .

ئۇيقۇتا سۇبھى نۇر ئۇرلەپ ، ۋەتەن كوكسىدە تاڭ ئاتتى ،
ئەقىلنىڭ باغۋىنى تەرگەن ئەتىر ـ رەيھاننى ياشناتتى ،
دەۋر سازى نادانلىقتىن مېنى ئۇرلەشكە ئويغاتتى ،
ئۇزۇن سەپەردە كىم ياتتى ۋە ياكى توھپە ياراتتى ؟
سىنار تارىخ مىزانى ھەق ، ئۇلۇغ ئىستەك ، غەيۇرلۇقنى .

## كـۈچار

(مۇخەممەس)

مەرىپەت چارى باغى دەپ بىلەرمەن بۇ دىيارىمنى ،
بېھىشنى لال ـ خىجىل ئەتكەن قۇياشلىق لەيلىزارىمنى ،
كويۇپ مەن مېھرى ئاتەشتە چالاي ئىشقى دۇتتارىمنى ،
ئەزىز كورمەكلىكىم پەخرىم ، ئانامدەك مېھرىبانىمنى ،
تىنىمگە جان بەخش ئەتكەن ۋەلىيانە كۇچارىمنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئېسىمدە شۇ بوۋاق ۋاقتىم ئانام تۇققانۇ سەن باققان ،
سېنىڭ تۇپراقۇ — باغرىڭغا مېنىڭ كىندىك قېنىم ئاققان ،
بىلىم-ھېكمەت نۇرۇڭ بىرلە دىلىمغا شام - چىراق ياققان ،
ئىجات بېغىڭنى سۆيگەچكە ، ئۇنىڭدىن ئاشىنا - يار تاپقان ،
شۇڭا بەخشەندە قىلغانىمەن ساڭا پاك ئېھتىرامىمنى .

نەزەر سېلىپ ئىككى مىڭ يىللىق ئۇلۇغ تارىخى ئومرۇڭگە ،
جەسۇرلار دۆلىتى " گۆيزى " پەرىشتە غارى مىڭ ئۆيگە ،
سۆيۈندۈم ، ئاپىرىن ئېيتتىم ، بالاڭ پەرھادى - شىرىنگە ،
ئىلىم سەنئەتكە پىر - كامىل ، شەرقتە ھۈنىرىڭ گۈلگە ،
جاھاندا كۆرمىدىم ئارتۇق سېنىڭدەك تۆھپىكارىمنى .

رەسىم نەققاشلىغىڭ بىرلە جاھانغا شوھرىتىڭ كەتكەن ،
كىمدە يەتتە ئېقلىمغا كومار ① قەسىرىڭدە دەرس ئۆتكەن ،
كېلىپ تاڭسىڭمۇ مىڭ ئۆيگە پىرىشتەنى تاۋاپ ئەتكەن ،
زامان دەنالىرى خەتنى " كۆچار " يېزىقى ② بىلەن پۈتكەن ،
بۇنىڭ ھەغداسى قىلغايمەن قىزىل ، قۇمتۇرنى ، سىم - سىمنى .③

گۈزەل ناخشا بىلەن سازىڭ مۇقام ئاسمانىدا ئايدۇر ،
ئىران مەلىكىسى ئاڭلاپ دىلى ئاتەشتە يانغاندۇر ،
كۆيى ناخشاڭ ، ئۇ ، زوھراكى ، تاھىر دەردىگە دەرماندۇر ،
كۆمۈش تارىغا چىرماشىپ ، ئاشىقلار جانىنى بەرگەندۇر ،
شىرىن لەززەت كۆيۈڭ بىرلەچىرىتسەم پەنجىگارىمنى .

كېلىپ مەشرىقى ـ مەغرىبتىن ، يىپەك كارۋانى باغرىڭغا ،
گوھەر ھەم زەرۇ-مالىڭنى يۇرۇتكەن خاڭجۇ ، شام ـ رىمغا ،
دىلى مېھنەتكە يار خەلقىڭ تۆكۈپ ساپ تەرنى قوينۇڭغا،
چېمەن رەنالىرى تەرگەن باياۋان ۋادا تارىمغا ،
شۇڭا ئەھلى جاھان قايىل ، كورۇپ باغ ـ مۇزارىڭنى .

دەرىخا ! جەننەتى ، ھوردەك كۈزەل ھۆسنىڭگە قەست يۈردى ،
مىكردىن ئوقۇبان ئەپسۇن ، جانان قەسرىڭگە جىن كىردى،
مەرىپەت ئەقلى گوھىرىڭنى ئوغۇرلاپ ئۆزىنىڭ قىلدى ،
بۇنى ھايۋانى ـ قابىزلار كۇچارنىڭ سوۋغىتى بىلدى ،
شۇ چاغ باغرىمنى چاك ئەتكەن توكۇپ ھەسرەتۇ ـ زارىمنى.

**مەرىپەت ئوغرىسىن سوتلاپ پولاتتەك سوزلىسەم پاكىت،**
پارىژ ، لوندۇندىكى جەۋھەر بۇيۇكشەنىڭگە نۇر شاھىت ،
ھامان چەشمەڭدە ھىكمەتتىن ئاقار كەۋسەرۇ ـ مەرۋايىت ،
ئىلىم كانىڭنى قازماققا ئوزەمنى ئەيلىدىم شاھىت ،
قوبۇل قىل پىرى ئۇستازىم ، مۇقەددەس ئىنتىزارىمنى .

بۇگۇن كومپارتىيەم دەۋرى سېنى ياشناتتى زەپ كوركەم ،
كورۇپ تاك جىلۋىگاھىڭنى جاراڭلار خۇش ناۋا كۇلكەم ،
ھايات قەرزىم ئادا ئەردى ، ساڭا پاك قان تەرىم توكسەم ،
مەگەر ئاداققى بۇ جەڭدە بەخت ـ ئىقبالىڭنى دەپ ئولسەم،
بالام قوينۇڭدا ئەتكەيلە رېھنىڭقەبرى ـ مازارىمنى .

---

① كومار ـ كۇچارلىق مەشھۇر بۇددا دىنى ئالىمى بولۇپ ، كۇچاردا بۇددـ
ـىزىمنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئالاھىدە تەسىر كورسەتكەن. يۇيىشى لياۋشى يازغان
« غەرىپتە بۇددىزىم » دېگەن كىتاپتا ،، ئۇ شەرقى جىن سۇلالىسى ، جەنيەننىڭ
2 ـ يىلى ( مىلادى 344 ـ يىلى ) كۇچاردا تۇغۇلغان ئىسمى كومۇلۇش ، كو
ـمارىۋا ،، دېيىلگەن . يەنە بەزى كۇچار قەدىمى تەزكىرىلىرىدە كومارچىۋا ، كور
ـمارچىۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ .
② كۇچار مەدەنى يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىس
ـپاتلىشىچە كۇچارنىڭ مەخسۇس يېزىقى بولغان .
③ قىزىل ، قۇمتۇر ، سىم ـ سىم ـ مىڭ ئوي جايلاشقان جايلارنىڭ نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هېبەبۇللا روزى

# ئاۋات ئىلھاملىرى

( سېكىل )*

## مۇقەددىمە

قايسى جاي چوللۇككە بېرىپ خاتىمە ،
گۈللىنىپ ، ھەممە ئەل ئاتار " ئاۋات " دەپ .
تەرىپلەر : " بېغى گۈل ، ھاۋاسى خۇشبۇي،
سۈيى بال ، مېۋىسى گويا ناۋات " دەپ .

كۈيلەيمەن مەنمۇ شۇ ئاۋاتنى بۈگۈن ،
سايرايمەن ئىشقىدا بولۇپ غەزەلخان .
ئىمىشقا كۈيلىمەي قەلبىمنى مېنىڭ
چۇلغىسا يالقۇنلۇق ئىلھام ـ ھاياجان .

# ئاۋات

« ئاقسۇنىڭ كوزى » دەر ئاۋاتنى ئەل ـ يۇرت ـ
چۈنكى ئۇ ، شۇ نامغا لايىق گۈزەل جاي.
قىزىسا ئاخشىمى دولان مەشرىپى
كۈندۈزى بۇندا ئىش قىزىيدۇ ئاي ـ هاي .

قۇياشلىق جامالى كوز قاماشتۇرغان ،
ئۇ خۇددى ئۆزگىچە يېڭى بىر دۇنيا .
بۇلبۇللار يەرلىشىپ قالغان يۇرتنىڭ
هەر پەسلى دىللاردا قىلار مەهلىيا .

باهاردەك ياشنىغان بۇ يۇرت ئالدىدا ،
نىمە ئۇ ، خىيالى جەننەت ـ باغ ئىرەم .
چۈنكى بۇ يۇرتتا شۇ باغدىن مىڭ ئېسىل
ياساندى هەتتاكى سازلىق « ئارگىرەم » .

مىڭ يىللىق ئارزۇلار ئېچىپ گۈل ـ چېچەك ،
ئەل قەددى تاغ بولدى ، قاقاسلار بوستان .
ئۈژمىزار « بېشىرىق » نىڭ يېڭى هوسنىنى
ئاز كېلەر تەرىپلەپ يازساڭمۇ داستان .

قەدىمقى توغراقلىق « بەش قات » جاڭگىلى ـ
« ئىتتىپاق كەنتى » دەپ ئالدى يېڭى نام .
مول هوسۇل ئامبىرى « ئىمام پاشا » نى
بىر كورسە بىر ئومۇر تەرىپلەر هىسام .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

" غورو چول " دېسەم " راست چۆلمىكىن " دېمە
چۈنكى ئۇ يەرگە باي ، چارۋىغا ئاندىن .
قانچىلاپ " ئايسەك " نى قىلدى گۈلىستان
كۆچ ئېلىپ مەرتلىرى يېڭى پەرماندىن .

" تامتوغراق " ئىلگىرى شورلۇق جاي ئىدى ،
ئەمدى ئۇ بولماقتا گۈرۈچنىڭ كانى .
" ئايكول " نىڭ بېغى كوپ ، مېۋىسى داڭلىق ،
ئۈزۈگى گوياكى ھەسەل قىيامى .

قويۇلغان پايتەخت كورگەزمىسىدە
بۇندىكى يېراق جاي " ياڭرىق " ياڭېغى .
ئۈرۈمچى ، ئاقسۇغا توشۇلار ھەر يىل
" قاغىمۇش " نەشپۈتى ، " خاڭگۈك " بېلىغى .

بىر ئومۇر يازساممۇ بۇندا ھەر جاينىڭ ،
تۈگۈمەس خىسلىتى ، نازۇ - نېمىتى .
گۈللىنىپ كۈنسېرى بولماقتا بۇ يۇرت ،
ئاقسۇنىڭ گۈل بېغى ، رىئال جەننىتى .

## مۇسەللەس

ئايلانساڭ ئاۋاتنىڭ ھەممە يېرىنى
ھەر ئۆيدە مۇسەللەس تۈڭلاردا پەۋەس .
تۈرمۇش شات ، بۇندا ئەل شۇنچە مېھمان دوست ،
ۋە لېكىن كوچىدا يۇرمەس مەس - ئەلەس .

تۆرسىمۇ ئالدىڭدا ئېشىپ گوش ، پولۇ ـ
ساھىپخان تولپەپ كەلتۈرەر غىزا .
ئارقىدىن مۇسەللەس ئىچمىسەك ئەگەر ـ
ئۇ سەندىن رەنجىيدۇ بولمايدۇ رىزا .

بۇ يۇرتنىڭ ئەزەلدىن ئادىتى شۇنداق ـ
مۇسەللەس بولمىسا تويمو ـ توي ئەمەس ـ
بۇ يۇرتتا ئۇنىڭسىز قىزىماس مەشرەپ ،
ئۇنىڭسىز ھەتتاكى ئويۇڭ ـ ئوي ئەمەس ـ

ئەڭ ئېسىل مېھمىنىڭ كەلسە ئۆيۈڭگە ،
نە ئارمان شۇ مەيدىن قويساڭ ئالدىغا ـ
شۇ مەينى كورگەندە ئالى ھاراقمۇ ،
خىجىللىق ئىلكىدە مۇكەر دالدىغا .

لاپ ئەمەس شۇ مەينىڭ ھەر بىر تامچىسى ،
كوڭۇللەر ئارامى ، يۈرەك دورىسى .
كەيپىڭنى ساز قىلار ، رەڭگىڭنى شەپەق ،
شۇ شىرىن مەيزاپنىڭ ھەر پىيالىسى .

ئۆزۈمنىڭ قىيامى ـــ بۇ شىرىن مەيدىن ،
ھەر ئىچسەڭ قايتىدىن ياشىرار جېنىڭ .
ئۇسۇلغا چۈشۈسەن كۆتمەي تەكەللۇپ
خوشاللىق ئىلكىدە يايرايدۇ تېنىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەدىناس دوستۇمنى ئۇچراتقىنىمدا ،
شۇ مەيدىن ئىچىشنى قىلىمەن ھەۋەس .
سىردىشىپ قانمايسەن يېرىم تۈنگىچە
چىن يۈرەك سۆزلىرىڭ تۈگىمەيدۇ — بەس .

زىرىكسەڭ ۋە ياكى ئىشلەپ چارچىساڭ،
روھلىنىپ كېتىسەن ئىچسەڭ ئۇنىڭدىن.
سۈرۈسەن شاھ سۈرگەن ھوزۇر پەيزىنى
لەززىتى بىر ئۆمۈر كەتمەس لىۋىڭدىن .

ناشتىدا بىر يۇتۇم ئىچسەڭ كەچكىچە،
ھېرىشنى بىلمەيسەن ئىشتا زادىلا.
تولۇسەن يېگىتچە كۈچكە — غەيرەتكە ؛
ئۇيقىدىن ئويغانغان شىردەك ئەمدىلا.

يۇرت ئاتلاپ بۇ جايغا كەلسە كىم ئەگەر ،
شۇ مەيدىن ئىچمىسە قالار ئەرماندا.
قاندىقىدۇ تورسۇن ئۇ ئېيتماي تەشەككۈر
شۇ مەيدىن سەن ئاڭا يوللۇق تۇتقاندا .

كەل دوستۇم تەبرىكلەپ يېڭى باھارنى ؛
ئىچەيلى شۇ مەيدىن قانغىچە يەنە .
ئىچەيلى تولىشىش بەيگىسى ئۈچۈن ،
بۇ قوۋناق ھاياتقا قىلىپ تەنتەنە.

# دولان راۋابى

ئويۇمدە ئېسىغلىق دولان راۋابى ،
تارىسى يېپ ئەمەس ، جاننىڭ رىشتىسى .
شۇ سازنى ياساپ تىل بېرىپ سوزلەتكەن ،
بۇ يۇرتنىڭ قەدىمقى سەنئەت ئۇستىسى .

ئاياندۇر ھەممىگە قىسمىتى ئۇنىڭ ،
ھەر قانچە كۇيلىسەم پۇتمەس تەرىپى .
چېلىنماي شۇ ئېسىل تەۋەررۇك راۋاپ ،
قىزىماس بۇ يۇرتتا دولان مەشرىپى .

ئەژداتلار قالدۇرۇپ كەتكەن شۇ راۋاپ ،
تۇرقىدىن كوپ يىللىق تارىخ نامايان .
ئەسلىتەر كوچمەنچى دولان خەلقىنى ،
ياڭرىسا ئۇنىڭدىن شۇ " بوم باياۋان ».

سىياقى كوڭۇللەر مەيلىنى تارتسا ،
ئاۋاز چېكەر ھەر يۇرەك تارىنى .
" جۇلا " غا چېلىنسا قىز ھەم يىگىتلەر ،
ئەسلىشەر دوستىنى ، سۇيگەن يارىنى .

ئۇ قانچە چېلىنسا تاشىدۇ شۇنچە ،
دەۋرىگە سۇيگۇسى بۇندا ھەممىنىڭ .
ئەژداتلار قان - تېرى سىڭگەن شۇ راۋاپ ،
شاھىدى بۇندىكى مەرتلەر ئەقلىنىڭ .

شۇ سازغا جور قىلىپ ئېيتىلغان كۈيلەر ،
باتۇرلۇق داستانى ، مەرتلىك قىسسى .
قوزغىتار جاراڭلىق ئاۋازى ئۈنىڭ ،
ھەر ئوتلۇق دىللاردا شاتلىق ھىسسى .

ۋە لېكىن بىر مەھەل چەتكە قېقىلىپ ،
خارلانغان ، چېقىلغان تارى ئۈزۈلگەن .
ئاڭا جور قىلىنغان كۈينى بەزىلەر ،
دېيىشكەن : « ئەڭ سېسىق سوزدىن تۈزۈلگەن » .

تاپتى ئۇ قايتىدىن قەدرىنى بۈگۈن ،
باشلانغاچ ۋەتەندە سەنئەت باھارى .
بېيىجىڭ ھەم ئۈرۈمچى سەھنىسىدىمۇ ،
چېلىندى ئەڭ ئېسىل سازلار قاتارى .

چېلىنار ئەندى ئۇ پىنھاندا ئەمەس ،
كەڭ سورۇن ، مەيداندا ، زالدا ، سەھنىدە .
چېلىنار زاۋۇد ، كان ، يايلاق ، ئېتىزدا ،
چېلىنار ھېيت ، بايرام ، تويدا ـ بەزمىدە .

تولدۇرۇپ دىللارغا ئىلھام شارابى ،
باڭرا ئەي دىل سۆيگەن دولان راۋابى .

روهلۇنۇپ ئاۋازىڭ ئاڭلىغان خەلق ،
جەڭ ـ چېلىش ، مېھنەتنىڭ بولسۇن كارابى .

كۈيلە ئەل بەختىنى جور بولۇپ ساڭا ،
سايرىسۇن تارىڭنىڭ قالۇن ، ساتارى .
ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ياڭرىسۇن ئۇنۇڭ ،
ساز خۇمار خەلقىڭنىڭ بولغىن دوست ـ يارى

## خاتىمە

سۇسىز يەر كوكەرمەس ، يىلتىزسىز دەرەخ ،
قاناتسىز قۇش بولماس ، ئىشقسىز شائىر .
بۇ گۈزەل يۇرت ئەگەر بولسا بىر زوھرە ،
مەن گويا ئۇنىڭ چىن ئاشىقى تاھىر .

ئون سەككىز باھارىم ئۆتكەن بۇ يۇرتىمغا ،
قەلبىمدە بار مېنىڭ ئاللەمچە سۆيگۈ .
تۇرساممۇ ئەندى مەن ئۇندىن يىراقتا ،
ئىشقىدا كۈي ـ كۈيلەپ ئۆتۈمەن مەڭگۇ .

# غەزەللەر

## ئايدىڭ كېچە

كېچە ئايدىڭ... تاقەتسىز كۈتۈپ يارنىڭ قارارىنى،
مەن بارسام ئىتىزلىقتا چېلىپ سۆيگۈ راۋابىنى.

كەپتۇق ئىككىمىز تەڭلا قىلىپ چىن ۋەدىگە ئەمەل،
ئىچمىشمەككە ئايدىڭدا مېھنەتنىڭ شارابىنى.

ئۇ ئاتتى شىمايلاپ يەڭ سىرىق دىگىمىزغا ئۆزىنى،
مەن ئۆزدۇم كاراپ كەبى ئېلىپ سولنىڭ بىسارىنى.

تاڭ ئاتماي تۇرۇپ بىر پەس تۈگەتتۇق ئەتىكى ئىشنى،
تارتقاندەك گويا شۇ دەم ئېتىزلارنىڭ تاناۋىنى.

ھېبىبۇل دىيۇر: شۇنداق ھەمدەم بولمىسا يىگىت، قىز،
ياشناتمايدۇ ئەمگەكتە ياشلىق نەۋ باھارىنى.

## شىرىنگە

ئەل ئۈچۈن توكۇپ ئېتىزغا مېھنىتىنىڭ تىرىنىسەن،
غەيرىتىڭگە مەھلىيا قىلدىڭ ياشۇ - قېرىنىسەن.

ئەسلىتەر كوكلەم باھارنى ئاي سۆپەت رەڭگىڭ سېنىڭ،
ھوسنى بابىدا خىجىل قىلدىڭ گويا پەرىنىسەن.

قامىتىڭنى گۈل دىسەم ئىشچان قولۇڭ گۈلدىن ئېسىل،
يىغىۋاپسەن چەن گۈزەللىكنىڭ بۈگۈن بەرگىنىسەن.

ھېممىتىڭدىن ياشىندى باغ، قاپلىدى ئەتراپنى گۈل،
يېزىدىڭ ھور يېزىمىزنىڭ كەڭ ئېتىز ـ قىرىنىسەن.

ھەر كۈنى يانساڭ ئېتىزدىن ئالسەن پەندىن ئوزۇق،
كىرىشىپسەن ئۆگۈنۈشكە بۇ ھايات سىرىنى سەن.

ئوس يەنە تاپقىن كامالەت بۇ ۋەتەن بوستانىدا،
يارى پەرھادىڭ ھېسبۇل سەن ئۇنىڭ شىرىنى سەن.

1962 - يىل، ئۈرۈمچى.

## گىلەم

مەن بېرىپ كوردۇم بۈگۈن كەڭ رەستىدە ھەر خىل گىلەم،
يۈز ئېچىپتۇ ھەر بىرىدە ئەڭ گۈزەل پەسىل گىلەم.

ئەسلىتەر ھەر ئەندىزە خۇددى چىمەن رۇخسارىنى،
تەردىپگە سوز يېتىشمەس زىننىتى ئېسىل گىلەم.

يولسا ھېيت ـ بايراممۇ، تويلار سىلىنىپ ئويلەرگە ئۇ،
قوشىدۇ زىننەت ئاجايىپ گۈللىرى سەر خىل گىلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئالدى جاي ئۇ دەل بۇگۈن لوندۇن، پارىژنىڭ زالىدىن.
چاقىنىسا چوغدەك ئۇنىڭ ئالدىدا توز خىجىل گىلەم.

ھەر بىرىدە ئەكس ئېتەر ئەل بەختى پارلاق ئەتىسى،
دەۋرىمىزنىڭ قەلبى پارلار ھوسنىدە قىزىل گىلەم.

ئەي چېۋەرلەر ئۇس ھۈنەردە گىلىمىڭ كەزسۇنجاھان،
قانچە قۇچساڭ شانۇ ـ شوھرەت دەۋرىمىز كېپىل گىلەم.

سەن زەپەر قۇچساڭھېيبىۋل شاتلىنىپ ماختانسا ھەق،
"خەلقىمىزنىڭ سەنئىتى بۇ "دەپ ئۈزۈل ـ كېسىل گىلەم.

1963 ـ يىل، خوتەن

## جەڭچى ناخشىسى

جان تەسەددۇق بۇ ۋەتەنگە بارلىغىم تەقدىم مېنىڭ،
شۇنچە چەكسىز دۆر ئەقىدەم خاس ئاڭا قەلبىم مېنىڭ.

جەڭچىمەن غايەم ئۇلۇغۋار، ئەل ئۇچۈن مېھرىم دېڭىز،
شۇم رەقىپلەرگە ھامان كۈچلۈك غەزەپ قەھرىم مېنىڭ.

تۇرىمەن تىنىك چوققىدا خۇددى قىران بۈركۈت بولۇپ،
جەڭچى نامىمدۇر غۇرۇرۇم، ئىپتىخار، پەخرىم مېنىڭ.

تۇرسىمۇ ئاستىمدا مۇز، قەلبىمدە ئەل ئىشقىم تومۇز،
ئېرىتەر قار - مۇزنىمۇ ئوتلۇق يۈرەك تەپتىم مېنىڭ.

جۇت، بوران، مۇشكۇل خەتەرلەر كار قىلالمايدۇ ماڭا،
ھالقىنى مەن بۇ ۋەتەننىڭ خۇددى گاڭ بەستىم مېنىڭ.

جان تىكىپ قوغداپ ۋەتەننى كۆللىمەك بۇرچۇم ئەبەت،
سىردىشىم، يۆلەكدىشىمدۇر قەھرىمان خەلقىم مېنىڭ.

كىمكى قەست قىلسا ۋەتەنگە كۈم قىلارمەن تەل - توكۇس،
كۈچ قۇدرىتىم مەنبىئىدۇر بۇ ئۇلۇق دەۋرىم مېنىڭ.

مەن ئەگەر جەڭگاھقا كىرسەم شەمشىرىمنى ئوينۇتۇپ،
بارچە ياۋلار ئالدىدا تاغدۇر گويا قەددىم مېنىڭ.

ۋەتىنىمنىڭ ھەر گىياسى مەن ئۈچۈن جاندىن ئېزىز،
شاتلىقىم شۇلدۇر: ئاڭا سىڭسە تىرىم- ئەجرىم مېنىڭ.

ياشىسامۇ بىر ئەمەس بەخت ئىچىدە مىڭ ئۇمۇر،
يوق ۋەتەننى رازى قىلماقتىن بولەك بەختىم مېنىڭ.

قەھرىمان ئەجدادىمىز تۇتقان قورالنى چىڭ تۇتۇپ،
ئەل ۋەتەننى مەڭگۈ قوغداشتۇر يۈرەك ئەھدىم مېنىڭ.

1979 - يىل، ئاۋات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قايتىدىن

كۆلدى بەختىم، بولدى ئاي، يۇرتۇم سىماسى قايتىدىن،
تارتتى دىللار مەيلىنى ياشناپ گىياسى قايتىدىن.

ۋەتىنىم ئاسمانى كۈندەك پارلىدى تارقاپ تۇتەك،
ئالدى زۇمرەت رەڭگىنى ئاتموسفىراسى قايتىدىن.

لالىلار چېچەك ئېچىپ تارقاتتى ھەريان خۇشپۇراق،
بەردى دىللارغا ھوزۇر تاڭنىڭ ساباسى قايتىدىن.

قىلدى جەۋلان، كوكتە كوكلەم قالغىچى ئويناپ ئۇسۇل،
باغنى چاڭ كەلتۈردى بۇلبۇللار ناۋاسى قايتىدىن.

يەتتى يار ۋەسلىگە كاككۇك تاپتى ئۆز زەينەۋىنى،
بولدى ھەل غەمكىن كوڭۇللەر ئىلتىجاسى قايتىدىن.

تۈندە ئورتەنگەن يۈرەكلەر يايرىدى زوققا تولۇپ،
چۈتتى ئاغرىغى شىپا تاپقاچ ياراسى قايتىدىن.

تەندە كۈچ دەرمان تۈگەپ كەتكەندە خەلقىم ھالىدىن،
جانغا-جان قوشتى ئېلىمنىڭ باش پاناسى قايتىدىن.

دىل سىغمىغان بەختىيار كۈنلەرگە خەلقىم بولدى يار،
تاجغا ئالماشتى ئېغىر قالپاق-كۆلاسى قايتىدىن.

چوڭ يۇرۇشنىڭ دۇمبىغى گۈمبۈرلىدى ھەيۋەت بىلەن،
ياردى كوكنىڭ قەھرىنى مەركەزجاكاسى قايتىدىن.

نەرە تارتىپ خەلقىمىز سالدى يېڭى جەڭلەرگە ئات،
لەرزىگە كەلدى ۋەتەن تاغۇ-دالاسى قايتىدىن.

ئورنىغاچ ئادىل تۈزۈم ئەل بولدى جۇشقۇن تېچ، ئىناق،
ھەممە سەپتىن ياڭرىدى غەلىبە ساداسى قايتىدىن.

ۋەتىنىم ئىقبال كوكىدە پارلىدى چولپان بولۇپ،
چاقنىدى پەن-مەرىپەتنىڭ نۇر-زىياسى قايتىدىن.

چاچلىرى قاردەك ئاقارغان قانچىلاپ پەن ئەھلىنىڭ،
قەلبىدە ياندى ئىجات مېھنەت لاۋاسى قايتىدىن.

گۈل ئېچىپ ئارزۇ-ئۈمىت كۆلدى رىئاللىق بابىدا،
مىۋە بەردى قانچە ئالىملار قىياسى قايتىدىن.

قوشـا توھپە ئەلگە كىم شۇ چىقتى ھورمەت تەختىگە،
ئۈستى مەرتلەر ئەجرىنىڭ قەدرى-باھاسى قايتىدىن.

ئى ھېبىبۇل سەنمۇ ئۆمرۈم مەنىلىك ئۆتسۇن دىسەڭ،
پارتىيە پەرمانىنىڭ بولغىن پىداسى قايتىدىن.

1981 - يىل، ئاقسۇ

# ئوت يۈرەك شائىر

مەگەر كورسەم تيانشاننىڭ يېشىل قارىغاي چىنارىنى،
بولارمەن خۇددى كورگەندەك مۇتەللىپنىڭ دىدارىنى.

ياشاپ ئۆتكەچ تيانشان باغرىدا شۇ ئوت يۈرەك شائىر،
تىنىمگە سىغدۇرالمەيمەن دىلىمنىڭ ئىپتىخارىنى.

بولۇپ ئەاچىسى تاڭنىڭ چېلىشقا ئەلنى ئويغاتقان،
يەخش ئەتكەن ۋەتەن بەختى ئۈچۈن باھارىنى.

ئۇنىڭ ھەر بىر سوزى ياۋنىڭ بېشىغا ئوق بولۇپ تەككەن،
ئاشۇرغان جەڭ-كۈرەشلەردە خەلقنىڭ كۈچ - مادارىنى.

ئازاتلىق يولىدا تېنىماي ئېچىپ ئوت ۋەھشى ياۋلارغا،
جاھالەت كوكسىگە ئۇرغان كۈرەشنىڭ زۇلپىقارىنى.

تۈمەن ئۇتسىمۇ روھى ياشايدۇ بارچە دىللاردا،
ئاۋاپ قىلغاي كېلىپ خەلقىم ئۇنىڭ ياتقان مازارىنى.

جېسىپ شۇ قەھرىمان ئەجدات ئىزىنى بۇ سەپەرلەردە،
قىزىل گۈللەرگە پۈركەيمىز ۋەتەننىڭ كەڭ دىيارىنى.

1982- يىل، ئاقسۇ

ئېزىز ساۋۇت

# بوز دوڭ ناخشىلىرى

( سىكىل )

## بوز دوڭ

ئۈستۈڭدە قىلار جىلۋە سۈزۈك ئاسمان ،
ئاسمانغا باش قويۇپتۇ زور تيانشان .
يان باغرىڭ پايانسىز-كەڭ يېشىل يايلاق ،
ئاق بۇلۇت توپ - توپ بولۇپ ئۈزەر لەرزان.

شامالدا ئىغاڭلايدۇ دەرەخ - ئورمان ،
يىراقتىن باقسام ئەسكە چۈشەر ئوكيان .
گۈزەل ياز قىلار جىلۋە ۋادىلاردا ،
تولۇپتۇ ئالتۇنغا لىق ئېتىز-خامان .

تاغلىرىڭ مەشھۇر سېنىڭ كانلارغا باي ،
ئۇ گويا بۈركۈت بولۇپ قاناتلانغان .
نەدىكەن يايلىغىڭنىڭ چېتى سېنىڭ ؟ !
ئېقىنلار ئاقار ئويناپ ئوقتەك راۋان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىيىغىتار ئۇتلاقلاردا بۇغا ـ مارال ،
بۇلبۇللار قونۇپ گۇلگە ئۇرار خەندان .
قەددىردان ۋەتەنىنىڭ بەر گۇلىستانى ،
ئەي بوز دوڭ، ساڭا باھار ھوسۇن قوشقان .

## بايلىقاتا ①

نامىڭنى ، نۇرغا تولغان چىرايىڭنى،
تەكرارلاپ يۇرىكىمدىن سوزلەي دىسەم :
بەختىنى چېچەك ئاچقان باھارىڭنى ،
شائىرچە سوزلەر بىلەن كۈيلەي دىسەم ؛

شەنىڭنى مەدھىيىلەشكە ئاجىز قەلەم ،
ۋە لېكىن ھەسسىياتلىرىم كېلەر بېسىپ .
مەدھىيىلەش بولغاچ بۇرچۇم غەيرىتىڭنى ،
سۇپەتلەر لوغىتىنى كورەي ئېچىپ .

ئېتىزلار بوستان ـ باغدا گۇلەر لالە ،
ئەتراپىڭ چوقىلاردىن ئالار سايە .
سەن گويا چىن بەختىنىڭ مەيلىرىگە ،
لىق تولغان ئاجايىپ چوڭ زەر پىيالە.

غەزىنىگە شۇنچە باي سەن بايلىقاتا ،
جىسمىڭغا ئەپلىك بۇ نام ، ئەمەس خاتا .

① بايلىقاتا ـ بوز دوڭ كۆكشىيىدىكى كان رايونى

ھوسنۇڭدە يالقۇنلايدۇ باھار تېڭى ،
بۇلبۇللار مەپتۇن بولۇپ قوشاق قاتار .

تاشلىرىڭ قوتۇر ـ قوتۇر بولغان بىلەن ،
مەدھىيەڭنى قوزغىتىدۇ دىلدا ھەۋەس .
دايىلغىڭ ئالدىدا ئەي بايىلقاتا ،
سولايمان غەزنىسىمۇ ھېچگەپ ئەمەس .

ئوركەشلەپ ئېقىپ پولات ئېقىنلىرى ،
بۇرۇلتاي ئېقىمىدەك تېشىپ كەتتى .
ئەتىۋا قارا ئالتۇن ـ تاش كومۇرلەر ،
دوۋلىنىپ پىلاندىن كوپ ئېشىپ كەتتى .

## تىرەك دەرياسى

تۇردىمەن بويۇڭدا تويماستىن قاراپ ،
سۇبھىنىڭ نۇرىغا قەلبىم كومۇلۇپ .
گوياكى ئوركەشلەر ئاتىمەن، بىللە ،
دولقۇنلۇق سۇيۇڭگە مەنمۇ چۇمۇلۇپ .

ئەركىلەپ ئاقىسەن ئەركىلىكلىرىڭ ،
مەيلىمنى، ياق مېنىڭ قەلبىمنى ئالغان .
بىز بىللە يول ئالدۇق دالىلاردىكى ،
ياپ ـ يېشىل دولقۇنلۇق ئېكىنزار تامان .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يايلاقتا سەھەر

تاڭ ئاتتى ، تاڭ بىلەن تەڭ مەر - مەر چوقىلار ،
كوك چىمەن يايلاقىمۇ ئاچتى كوزىنى .
ئۇيناقلاپ قىرلاردا ئەركە شامالللار ،
تاڭدىكى تۇمانغا ئاتتى ئۇزىنى .

ئۇزاتتى تاڭ گويا نۇر شارابىنى ،
تولدۇرۇپ لىپمۇ - لىپ يۇرەك جامىغا .
ۋادىلار ، يايلاقلار بولدى شىركەيپ ،
تاغ سۇيى تاڭ كۈيى چالدى سازىدا .

ئوتلارنىڭ بەرگىدە بىر تاتلىق كۈلكە ،
كىچىككى چىم - چىتلىق نەلەرگە مۇككەن .
شاراپتىن قىزارغان گۈللەر مەڭزىدە ،
ئاللا كىم ئۇنچىدەك شەبنەملەر توككەن .

چىپمىشتى ماراللار ، قاقتى قۇش قانات،
شەپەققە پۇركەندى ۋادىلار يولى .
چىقتى كۈن باشلاندى هاياتبەزمىسى.
باشلاندى دەۋرىمىنىڭ يېڭى بىر كۈنى.

## شاقىراتما

چوققىدىن ساڭگىلاپتۇ شاقىراتما،
ئېخ! بىراۋ كۆمۈش ئارقان تارتقان چېغى .
ياق، تىڭشا بارغۇ ئۇنىڭ شاۋقۇنلىرى ،
زەر كۆمۈش سۇدەك ئېرىپ ئاققان چېغى .

ھە دوستۇم كۆمۈش ئېقىن دەسەم ئۇنى ،
ئىشەنمەي كۆزلىرىڭنى پاقىراتما .
تيەنشان ــ ۋەتىنىمنىڭ كان بايلىقى،
ئاقىدۇ ھەرچاغ كۆمۈش شاقىراتما .

## پادىچى دوستۇمغا

تىك ئېگىز چوققىدا خۇددى بۈركۈتتەك،
پادىغا كۆز تىكىپ تۇرۇپسەن قاراپ .
جان تىكىپ ئەل ئۈچۈن ئىشلەش يولىدا ،
تېخىمۇ زور شەرەپ قۇچۇشنى ئويلاپ .

پادىلار ئاق بۇلۇت كۆچكەندەك گويا ،
ئۆزگەرتتى ياپ ـ يېشىل يايلاقنى ئاققا .
ئۆرلىگەن قۇياشمۇ چاچار ئالتۇن نۇر ،
خۇشچىراي بېغىشلاپ چەكسىز يايلاققا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىمەن، ئەي دوستۇم ، ئىش ـ ئىزلىرىڭنى ،
باغلاپسەن كەسپىڭگە چوڭقۇر مۇھەببەت .
داڭقىڭنى ئاڭلىغان سانسىز يۈرەكتىن ،
شەنىڭگە ياغماقتا ئىززەت ۋە ھۆرمەت .

## غۇنچەخان

چىمەنلەر ماكانىدا ـ گۈلىستاندا ،
ئەي چىۋەر، سېنى يەنە كورۇپ قالدىم .
ئىش دىسە ھارمايدىغان ـ تالمايدىغان ،
روھىڭنى يۈرىكىمدىن سۆيۈپ قالدىم .

باھاردا ياسىغاندا مېھنەت قاينام ،
سەن ئىدىڭ شۇ قايناﻣﺪا غۇلاچ ئاتقان .
ئىرادەڭ يالقۇن گويا ، ئوزەڭ چىنار ،
ئاممىنىڭ ئارىسىغا يىلتىز تارتقان .

بەرقۇتتەك يېشىل رەڭلىك ئىگىنزارلار ،
شامالدا يېنىڭكىنە يەلپۈنەتتى ؛
مېھرىڭنىڭ دەرياسىدىن شاتلىق تېپىپ ،
يېشىللىق دېڭىزىغا تەلپۈنەتتى .

غەيرىتىڭ پاتماس گويا ۋۇجۇدۇڭغا ،
تۇراتتى ماڭلىيىڭدىن تەر قۇيۇلۇپ .
ئىشتىكى ، چىلىشتىكى مەرت قامىتىڭ ،
كورۇندى خۇشبۇي قىزىل گۇل تۇيۇلۇپ .

ئەزالار بىر ئېغىزدىن ماختىشىدۇ ،
" غۇنچىخان ، ياخشى كادىر مەلىمىزدە ـ
يېزىنى گۇللەندۇرۇپ ئورلىتىشتە ،
باشلايدۇ بىزنى يېڭى پەللەرگە ."

چىمەنلەر ماكانىدا ـ گۇلىستاندا ،
غۇنچىخان سېنى يەنە كورۇپ قالدىم .
يېزىنى چوڭ تۇزەشتە ـ ئورلىتىشتە ،
پۇلاتتەك ئىرادەڭگە كويۇپ قالدىم .

# ئالتۇن ۋادىغا مەدھىيە

( سىكىل )

## ئۇچتۇرپان

گۇزەلسەن ئۇچتۇرپان ، گۇزەللىكىڭنى ،
"مولچەر تاغ" ئۇستىدە كورۇپ تۇرىمەن .
ئالدىمدا يېيىلغان رەڭدار بىر گىلەم ،
ئېخ!...شېرىن ھىسلارغا تولۇپ تۇرىمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپىنى ئورىغان كۆمۈش چوققىلار ،
تۇرماقتا ئاسمانغا مەگزىنى يېقىپ .
باغرىدا ھوسۇللۇق ئېتىز باغ - ۋاران،
كۆلمەكتە قۇياشقا تەلپۈنۈپ بېقىپ .

باغرىڭغا ياراشقان توشقان دەرياسى
يېپەكتەك سوزۇلۇپ دولقۇن ئاتماقتا .
شۇ ئەزىم دەريانىڭ قايىنام سۈيى-ئوركىشى ،
تۈگىمەس شاتلىقتەك بولۇپ ئاقماقتا .

بىر چېتىڭ پايانسىز مەخمەلدەك يايلاق ،
چىرايلىق ھوسنىدە بەخت ئوينايدۇ.
لىغىلداپ سەمرىگەن سانسىز چارۋىغا ،
زوقلىنىپ قارايمەن،كوزۇم تويمايدۇ .

رەڭمۇ - رەڭ چېچەكلەر گۈللەر جىلۋىسى ،
بۇلبۇللار قەلبىنى قىلىشقا مەپتۇن ......
ئۇچتۇرپان سەنگويا ئالتۇن سۈمرۈغدەك ،
پەلەككە پەرۋاز قىلىپ ئورلەپسەن بۈگۈن .

گۈزەلسەن سۈرەتتەك ئەي گۈلشەن ۋادا !
جامالىڭ كوزۇمنىڭ يېغىنى يىدى .
قەلبىمدىن ئۇرغۇدى يالقۇنلۇق سادا ،
تىللىرىم مىڭلارچە "ئاپىرىن" دىدى .

## توققۇز بۇلاق

مولجەر تاغنىڭ ئىتىكىدىن " توققۇز بۇلاق "
بۇلدۇق ـ بۇلدۇق ئوخچۇپ چىقار يەر ئۈستىگە -
ئېقىپ تۇرار ھەر تەرەپكە شوخ شىرىلداپ ،
زىننەت بېرىپ ئۈچتۇرپاننىڭ گۈل ھوسنىگە .

ئابى ھايات سۇلىرىدىن تەشنالىقى ـ
قانغان زېمىن بوپتۇ گويا بېھىش-جەننەت .
گۈل ـ چېچەكلەر تاۋلىنىدۇ تاڭ نۇرىدا ،
يېمىشلىرى تىل ياردۇ شېرىن ـ شەربەت .

بويلىرىدا باغ ياشنىغان ئاۋاتچىلىق ،
بىر تەرەپتە پولو ، كاۋاپ ...... بازار قاينام -
تەڭكەش بولۇپ كۈيلىرىگە ياڭرايدۇ ساز ،
قىزىپ كېتەر بۇندا ھەر كۈن سەيلە بايرام .

مېھنەت سۆيەر ئۈچتۈرپاننىڭ ياش -قېرىسى ،
يايرىشىدۇ سەندىن ھاردۇق ھوزۇر ئېلىپ .
" بۇنداق پەيزى ، خۇش ھاۋالىق كىلىشكەن جاي -
ھېچ تېپىلماس"-دەپ سايرايدۇ بۇلبۇل كېلىپ .

توققۇز بۇلاق ئاققىن ئوينىاپ ھوزور بىلەن ،
لاي باسمىسۇن كوزلىرىڭنى ،بولسۇن ئويغاق .
شۇندا جاھان ئەھلى كېلىپ قىلىپ تاۋاپ ،
ئېيتار سېنىڭ خۇش چېھرىڭگە ئالقىش ياڭراق .

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

# ئاق توقاي

«ئاق توقاي» دەپ تەرىپىگىنى ،
ئاڭلىغاندىم بۇرۇندىن .
مانا بۈگۈن دىدارىڭغا ،
تويۇپ - تويۇپ قارىدىم .
بەختى كۈلگەن گۈلشەن ۋادا ،
زىيارەت قىپ باغرىڭنى،
تاشتى ئىلھام مەدھىيەڭگە ،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىدىم .

تاغ بېغىرلاپ ، چەكسىز كەتكەن ،
رەتلىك سالا ئېتىزلار ،
ئەسلىمىدۇ زەپمۇ گۈزەل ،
سۈرەتتىكى دىيارنى .
گىرەلەشكەن تۈپ - تۈز يوللار ،
بوك - باراقسان ئورمانلار .
« جەننەت » دەيسەن گۈل باغلاردا ،
كورۇپ ئالما ، ئانار ... نى.

زەر چاپانغا كۈمۈش يېپتىن ،
قاتار ئوقا توتقاندەك؛
زەتلىك ئۇستەڭ سوزۇلۇپتۇ ،
سۇلار ئاقار ھەر يانغا .

گۈل ھوسنىگە زەپ ياراشقان ،
ئاپپاق ئويلەر، بىنالار ،
غەلىبىسىرى ئاق توقايمۇ ،
يەتمەكتىكەن ئارمانغا .

مەيىن شامال ئەركىلىشىپ ،
ئويناقلىسا زەپمۇ شوخ .
ئۆپۈق بويلاپ دېڭىزدەكلا ،
دولقۇنلىنار زىرائەت.
ئىشتا پىشقان كۆكشىچىلار ،
ئىش قايناتسا بەسلىشىپ .
لابالاردىن ئالقىش ياڭرار ،
بۇلبۇل ئوخشاش كارامەت .

كېلىپ قالسا خوشنا يۇرتتىن ،
ئەگەر بىرەر يولۇچى .
سورىشىدۇ: «ئېيتىڭلارچۇ !
بۇ گۈلۈستان قايسى جاي ؟ » .
بۇلبۇل ، كاككۇك تورنىلارمۇ ،
ئاشىق بولۇپ ھوسنىگە .
بۇ گۈلشەندىن ئەندى مەڭگۈ ،
ماكان تۇتۇپ ئاپتۇ جاي .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورلە كوككە ! شۇڭقار كەبى .
گۈلىستانلىق ئاق توقاي .
ناخشا ياڭرات دەۋرىمىزنىڭ ـ
خورىغا سەن جۈر قىلىپ .
ئىمكان تولۇق، يول كۆشادە ،
مەنزىل پارلاق سەن ئۈچۈن .
يېڭى ئۆزۈن سەپەر بويلاپ ،
ئۆتۈقلاردىن ھۆل تىزىپ .

## بەخت ناخشىسى

شاتلىقىنى باسالماستىن توشقان دەريا ،
تاڭ سۈبھىدە شاۋقۇن سېلىپ ناخشا ئېيتتى .
ئىلھامبەخش بۇ ناخشىنى تاڭ ساباسى ،
ۋادا بويلاپ ھەر تەرەپكە ئېلىپ كەتتى .

جۈر بولۇشتى گۈزەل دەريا ساھىللىرى ،
ئۇتاش كەتكەن چەكسىز ئېتىز باغ ـ باراقسان .
ئىغاڭلاشتى شاتلىقىدىن ئورمانلارمۇ ،
ئويناقلاشتى شوخ قىزلاردەك گۈل ـ گۈلىستان .

باغ ـ باغلاردىن بۇلبۇل ، تورغاي ھەۋەس بىلەن ،
قوشۇلۇشتىكى دىلكەش بولۇپ ئەۋجىگە .
نېمە خىسلەت باردۇ ھەيۋەت بۇ ناخشىدا ؟ !
جىمى ئەلنى سالغان بۇنداق زور لەرزىگە .

بىلسەڭ دوستۇم باھار قونغان ئۇچتۇرپانىنىڭ ،
ئۇرغۇپ تاشقان دىل شاتلىغى شۇ ناخشىدا .
يېڭى دەۋر ئاچقان داغدام يولنى بويلاپ ،
توختىماس ھېچ غالىپ كارۋان ئۇتلۇق سادا !

# ئىككى شېئىر

## « يەتتە قىزلىرىم مازىرى» غا تاۋاپ①

" سېنىڭ جېنىڭ ، مېنىڭ جېنىم - بىر جان ئەمەسمۇ ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ ··· " ②
ئەلگە سادىق باتۇرلارنىڭ سىر خىلى - تاجى ،
ئەل ئىشقىدا ئاتەش كەبى يانغان ئەمەسمۇ ؟
ئەلگە ئاپەت يامرىغاندا ئورتىنۇپ جىسمىڭ ،
جاراڭلىتىپ شۇ خىتاپنى ئېيتقان ئەمەسمۇ ؟

ئۇز ئېلىنى جاندىن ئەلا كورگەنلەر ئېزىز ،
ئۇز ئېلىدىن تانغان خائىن ئىتتىن خار نىجىز .
تەگسىز جەڭدە قانلار كېچىپ ياۋنى يەر قىلىپ ،
گۈزەل يۇرتنى قوغدىماقچۇن چىققىنىڭ يەتتە قىز -
شېھىت بولدۇڭ جەڭدە مەردۇ - مەيدان ئىچىدە ،
باستىڭ ۋىژدان كەشتىسىگە غورۇرلۇقتىن ئىز .

① يەتتە قىزلىرىم مازىرى - ئۇچتۇرپانىنىڭ غەربىي چېتىدىكى تاغ قارىدا - ھېلىمۇ قەد كوتۇرۇپ تۇرىدۇ.
② بۇ مىسرالار - ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوللۇرۇمدا قورالىم بار ۋەتىنىم بەرگەن،
چىلىڭ تۇتۇغلۇق ، گاك ئىرادەم سىنىڭدىن كەلگەن -
خۇددى سەندەك ئالى خىسلەت ، چوڭ يۈرۈكۈم بار -
ۋەتەن ئۈچۈن جان تىكىشنى شەرەپ دەپ بىلگەن.
يۆلەنچۈكۈم ، كۈچ - مادارىم شەرەپلىك خەلقىم ،
قانۇسىڭدىن ئارمىنىمغا ئۇرۇقلار تەرگەن .

قايدىن كىلۇر چىن ئىنسانغا بۇنداق مۇكاپات ،
مىرادىڭغا يەتتىلىك ئىبلىك ئۈچۈن بوپ مامات .
ئورۇن ئالدى ئىبزىز قەۋرەڭ ئىپار تۇپراقتىن ،
ئالتۇن يوپۇق بوپ يىپپىلدى پۈتكۈل كائىنات .
تىرىلدىڭ سەن ئالتۇن تارىخ ، نەسەپ - نەسەپتىن ،
سەن ھاياتسەن يۈرۈكۈمدە ،
ھاياتسەن :
ھايات ! ! !

# مولجەر تاغ قەلئەسى ①

ۋەتەنىنىڭ غەربىدە پولات سېپىلدەك ،
تۇرىسەن ھەيۋەتلىك ئەي قەدىم قەلئە .
خەنجەردەك بوي تارتقان قىيالىرىڭدا ،
بۈركۈتلەر شەنىگگە ئوقار مەدھىيە .

تارىخنىڭ ئەزەلدىن قەھرىمانلىقىنىڭ ،
ئەڭ نادىر ئۈلگىسى ـ بىر جەڭنامىسى .
ئاڭلىنار شوھرەتلىك زەپەر نامىڭدىن ،
باسقۇنچى دۈشمەنىنىڭ پەريات ـ نالىسى .

جەڭگىۋار سىياقىڭ ئاچكۆز رەقىپكە ،
غەزەپلىك ئىنتىلىپ تۇرغان ئارسلان .
شۇ گۈزەل تۇپراقنى قۇچۇپ مېھرىڭدە ،
جاھانغا گەۋدەڭنى ئەيلەپسەن قالقان .

ئانا يۇرت ئىشقىدا سانسىز مەرت يۈرەك ،
ئەسىرلەپ جان تىكتى ئىلىپ سەندىن جاي ،
ۋەتەننى قوغداشنىڭ نەمۇنىسىنى ،
قان بىلەن يېزىشتى ياۋغا ئەل بولماي .

---

① مولجەر تاغ قەلئەسى ـ گۇچەتۇرپان شەھرىنىڭ غەربى جەنۇبىدە، «قالغاچ تاغ» ئۈستىگە سېلىنغان قەلئە. ئەسىرلەر بويى ئۇچتۇرپاننى مۇداپىئە قىلىش قورغىنى بولغان. ھېلىمۇ خارابىلىرى بار.

www.uyghurkitap.com

قارايمەن بەستىڭگە غۇرۇر، زوق بىلەن،
ئىپتىخار، ھۆرمىتىم ئۇرغۇيدۇ چەكسىز.
ۋەتەنگە جان پىدا قەيسەر شۇ ئەلنىڭ،
ئىرادە پىكىرىگە سىمۇۋۇلسەن شەكسىز.

سەن يىراق چېگرىدا مەڭگۈ ھوشيار پوست،
ئەلەمدە قالماقتا ياۋنىڭ تاماسى.
كۆرەشچان ئەۋلاتلار ئىلكىدە داۋام،
مەڭگۈگە ياشنىغىن مولجەر قەلئەسى.



# باھار كەلدى

كەڭ دالاغا يېشىل رەڭلىك كىمخاپ يېيىپ ،
پەسىللەر گۈلتاجىسى باھار كەلدى .
شاتلىغىدا يۇرتىمىزغا بولۇپ شەيدا ،
پەرۋاز قىلىپ تورنا قوشلار قاتار كەلدى .

ئويناقلىشىپ ئاقتى سۇلار جىرالاردا ،
باغ ـ ئېكىنزار بەسلەشكەندەك چېچەك ئاچتى .
كائىنات تولۇپ بىردىن گۈل ھىدىگە ،
مەيىن شامال دىلغا خۇشبۇي ئىپار چاچتى .

نەۋ باھارغا تەنتەنە قىپ قالىغاچلار ،
بولۇپ مېھمان ئۆيىمىزگە ئۇچۇپ كەلدى .
تاڭ بىلەن تەڭ ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناپ
بۇلبۇل كويى شان زەپەرلەر قۇچۇپ كەلدى .

شۇئان بوزدا دېخان يىگىت سۈنى باشلاپ،
ئۇنۇمدار ئېتىزلارغا بەردى شەربەت.
مول ـ ھوسۇل ئىشەنچىسى دىلدا چاقناپ،
قامىتىگە تاغ مىسالى كىردى غەيرەت.

كۈن باشلىنار تاڭ سەھەردىن يېرىپ ئۇپۇق
يىل باشلىنار چېچەك پەسلى گۈلباھاردىن.
كۈن ۋە ئايلار ئۆتەر شۇنداق رىتى بىلەن،
كالىندارغا تىزىلغان ئۇ، بىر قاتاردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلباھار، خاسىيەتلىك ئىمزىز پەسىل،
ئۈزار چاغدا ئەلگە ئىقبال بەخت تىلەر.
ئىشلىسە گەر مېھنەت ئەھلى توكۆپ ساپ تەر،
ئامەت ئاڭا بولۇپ ھەمرا قوشلاپ كېلەر.

شۇ ۋەجىدىن قەدىرلەيمەن باھارنى مەن،
ئۆمرۈم گويا باھار كەبى ياشنىسۇن دەپ.
يەڭ شىمايلاپ چۈشتۈم ئىجات بەيگىسىگە،
ئەشئارلىرىم قامۇس بولۇپ چاقنىسۇن دەپ.

1979 - يىل فېۋرال، ئاۋات

## ئالدىدا

تولدى بۈگۈن پەن بېغى، گۈللەرگە باغۋەن ئالدىدا،
تارتتى مېھرىمنى ئاشۇ باغۋەن بۇ بوستان ئالدىدا.

(قامىتى تاغدەك بولۇپ ئۇسكەچكە باغۋەنىنىڭ بۈگۈن )
يېگى سەپەر دۇلدۇلى بوپ ماڭدى كارۋان ئالدىدا.

※ ※

سۈپ - سۈزۈك ئاسماننى قاپلاپ، بىر مەھەل جۇتھەم تۇتە
قانچە باغۋەنلەر ماكانى بولدى زىندان ئالدىدا.

پەننى سۆيگەنلىكمۇ بولغان ئىدى باغۋەنگە گۇنا،
كەتتى ئالەمدىن بىلىم سۆيگەنلەر ئارمان ئالدىدا.

تۇت مەرەز تەربىيىلىگەن شۇم بەدنىيەت كالتەكچىلەر،
داڭ چىقاردى «كەلدى پۇرسەت»، دەپ شۇ دەۋران ئالدىدا.

«بولدى جىنلار توھپىسى» ھىكمەت بېغىغا ئوت قويۇش،
كەيدى ئالەمنى بېشىغا غەلۋە ـ چۇقان ئالدىدا.

ئەنە شۇ باغۋەن بېشىدا چوڭ كۆلا ـ قولىدا داس،
كوچىدا بولدى سازايىكۆندە ئىنسان ئالدىدا.

※ ※ ※

چىقتى بوران، چاقتى چاقماق، ياندى يالقۇن ئۇلغىيىپ،
تۇت شاياتۇن تاجى ـ تەختى كويدى گۇلخان ئالدىدا.

ئاتتى تاڭ، كەتتى قارا تۈن ، شۇم رەقىپلەر گۇم بولۇپ،
تاپتى ئىززەت، قايتا باغۋەن قىز ۋە ئوغلان ئالدىدا.

كەلدى دەۋرانى بۈگۈن ئىشتا ، چېلىشتا ھەممىنىڭ،
توھپىسى زور بولدى باغۋەننىڭ بۇ ئىمكان ئالدىدا.

چامدا ئالغا ئەي ئېلىم ـ ھىكمەت بېغىنىڭ باغۋەنى،
ئاتىغىن ئۆمرۈڭنى ئەلگە، يېڭى پەرمان ئالدىدا.

1979 ـ يىل ئوكتەبىر، ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دىخىنىمغا

مۇبارەك دىخىنىم دىلدىن يېڭى كوكلەم باھارىڭغا،
چېچەكلەپ نەۋ باھار بىرلە مېۋە بەرگەن ئانارىڭغا،

يىزاڭ قوينى گويا جەننەت، سېنىڭدە بار تۈمەن خىلمەت،
چېقىپسەن قەنتىنى تەرنىڭ تېپىپ مېھنەت بىلەن بەركەت

سېنىڭ ئىشچان قولۇڭ بىرلە زېمىن كەيدى يېشىل كىمخاپ
ئېتىز - باغلار ئارا ھەردەم قىزىتتىڭ ئىش راسا قايناپ.

كىلەر سەندىن سېمىز گوش-سۈت، گۈرۈچ بۇغداي، مېۋە-كوكتا
كېپىل بولغاچ ئۆزەڭ ئەلگە بۈگۈن بىزگە گادايلىق يات.

روناق تاپتى سېنىڭ بىرلە بۈگۈن يۇرت قايتىدىن گۈللەپ
بازارنى ئەيلىدىڭ ئاۋات ئۇلۇغۋار غايىنى كوزلەپ.

ھوسۇللار ئوخشىدى ئەجرىڭ بىلەن كەڭرى دالا تۈزدە،
قىزىتتىڭ غەلبىدىن قوش توي قىلىپ شات مەرىكە كۆزدە.

زېمىننى ئىس-تۈتەك قاپلاپ، جۈدۈنلار قۇترىغان بىر چاغ،
ئۇششۇك تەككەن ۋاختىمىزلا غازاڭ بولغان ئېتىز ھەم باغ

قولاقتىن كەتمىگەن دۇق ھەم شۇئارلار ئەشۇ چاغ بۇندا،
ئازازۇللار گادايلىقنى ساڭا تاڭغان ئىدى شۇندا.

قولۇڭدا قىش ۋە ياز كەتمەن، گېزى كەلسە تاغار يۈتتۈڭ،
قەرزگە بوغۇلۇپ گاھى، گويا ھايۋان كەبى ئۆتتۈڭ.

توكۇپ تەر، جان تىكىپ ئىشلەپ ئېرىشسەڭ گەرمۇلۇك-پۇلغا،
دېدى نەسلەر «كېرىپ قالدىڭ تۆيۈق-پاتقاق خاتا يولغا».

بېرەر توخۇ، موزاي، پاخلان بېقىش ساڭا گۇنا بولدى،
سېنىڭ تارتقان ئۇ دەردىڭگە زېمىن-ئاسمان گۇۋا بولدى؛

زېمىستان قوغلۇنۇپ مەڭگۈ ياشاردى قىر، ئېتىز-باغلار،
قۇچاق ئاچتى ساڭا قايتا ئۈزەڭ كۈتكەن گۈزەل چاغلار.

بەختىڭنىڭ قەنتىنى چاققىن، بېيىشقا ئەندى ئىمكان بار،
سېنى ئالغا يېتەكلەشكە ئۇلۇغۋار يېڭى پەرمان بار.

يەنە يۈكسەل كامال تاپ، تەر توكۇپ ھەر يانىنى گۈل ئەيلە،
زەپەر ئاسمانىدا پەرۋاز قىلىپ كوكنى يېرىپ ئۆرلە.

ھالال ئىشلەپ ناۋات چىشلە، يېزاڭدا قاينىسۇن بەزمە،
ئېلىپ ئىلھام ئىشىڭدىن مەن سېنى كويلەپ يازاي نەزمە.

1980 - يىل 5 - يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇگۇن

(گەنجى راشىدىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

چەقتى كۈن، تارقاپ تۈتەك، نۇرلاندى ھەر يانىم بۇگۈن،
خۇشپۇراق گۈللەرگە تولدى گۈل - گۈلىستانىم بۇگۈن،
ياڭرىدى ھەريانغا ئۇرغۇپ كۈلكە خەندانىم بۇگۈن،
ئېڭىشۋاشتىن كۆچكە تولدۇم، كەلدى دەۋرانىم بۇگۈن،
سىغمىدى دىلغا ھاياجان تاشتى ئىلھامىم بۇگۈن.

بەيگىگە چۈشتۈم مىنىپ تالماس قانات دۇلدۇلغا مەن،
جان تەسەددۇق ئەيلىدىم، بارىمنى شۇ بۇ، يولغا مەن،
جور قىلىپ ئېيتتىم كۈيۈمنى شوخ ناۋا مەرغۇلغا مەن،
شۇ ھاياجان ئىلكىدە ئالدىم قەلەمنى قولغا مەن،
كۈيلىسەم كومپارتىيەمنى تىلدا داستانىم بۇگۈن.

تۇت مەرەز ھەر يان چېچىپ، قىلدى خارابە رەستىنى،
كوز يۇمۇپ پاكىتقا گۆزەل قىز دىدى ئالۋاستىنى،
پارتىيە دانا ئىكەن سەزدى چايانلار قەستىنى،
شۇ بۇيۈك يولباشچىمىز، گۇم قىلدى ياۋنىڭ تەختىنى،
ياغدى ئوت بوپ تۇت مەرەزگە قەھرى ۋۇلقانىم بۇگۈن.

بىر مەھەل ئالۋاستىلار پەن بېغىن قىلغان خازان،
ئويىنغان باشلاردا كالتەك، قاپلىغان دىلنى پىغان،
شۇركىنەر تېنىم شۇ يىللار كەلسە يادىمغا ھامان،
پارتىيە بەردى نىجاتلىق، قۇتقۇزۇپ خەۋپتىن ھامان،
ماگمىدەك ياندى پەلەكتىن قەلبى گۈلخانىم بۇگۈن.

باغ قىلار چوللەرنى باغۋەن، تەر توكۇپ مېھنەت بىلەن،
كائىنات گۈللەيدۇ ھەر چاغ پەن - بىلىم ھىكمەت بىلەن،
كەل ئېلىم-پەن جەڭچىسى ئۇرلەيلى تېز سورئەت بىلەن،
كەلدى پەيت ئىشلەشكە ئەمدى جان تىكىپ غەيرەت بىلەن،
جەڭ - چېلىش قايناملىرىدۇر غەلىبە مەيدانىم بۇگۈن.

توت نىشان چاقناپ قۇياشتەك چاچسا نۇر كوكتە ھامان،
بىز گويا دۇلدۇل بولۇپ كۇندە ئاشارمىز تاغ - داۋان،
يېتىمىز مەنزىلگە جەزمەن، توتلىششىش غايە - نىشان،
بەردى پەرمان پارتىيەم قىلدۇق يۇرۇش پەنگە راۋان،
چوققىغا ئورلەشكە بىزدە كەڭرى ئىمكانىم بۇگۈن.

كەلدى كوكلەم نەۋ باھار، سالدىم چاپاننى ياز قىلىپ،
سايرىدى بۇلبۇل خۇشال، چالدىم دۇتارنى ساز قىلىپ،
كەل نىگار توككىن تېرىڭنى، تۇرما ئەندى ناز قىلىپ،
گۈللىسۇن جۇڭخۇا ئېلىم تاپسۇن كامال پەرۋاز قىلىپ،
شۇ ئۇلۇغ مەقسەتكە ئاررزۇ - ئارمانىم بۇگۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى

ئەچچە يىل ئىسجان بولۇپ كەلدىم قوشۇنغا ئەمدىلا
جەڭگە ئاتلاندىم يۈرەكتىن ياڭرىتىپ شوخ ناخشىلا،
مەن يېڭەرمەن بارچە مۇشكۈلنى مۇكۇنمەي دالدىغا
يەڭ تۈرۈپ چۈشتۈم، چېلىشقا قايتمىغايمەن ئارقىغا
بۇ ئۇلۇغ ئىشقا تەسەددۇق تەندىكى جانىم بۈگۈن.

نۇرىنى چاچتى قۇياش، يەن - بىلىم گۈلشەنىگە،
چىقتى باغۋەنلەر بۈگۈن ھورمەتتە يۈكسەك سەھنىگە،
ياڭرىتىپ ئېيتتىم غەزەل، پارلاق زامانەم شەنىگە،
ئەڭگۈ سادىق بوپ ياشايمەن پارتىيە لۇشيەنىگە،
پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭماق شەرەپ - شانىم بۈگۈن.

1980 - يىل ئاۋغۇست، كۇچار

## ئارزۇ بوستانى

(ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

ئەي جاھان خەلقى خۇشاللىق بەزمىنى ئاقسۇدا كور،
مەرىپەت ئەھلى ياراتقان نەزمىنى ئاقسۇدا كور،
يەم - پاراسەت ھەم ئىجاتنىڭ غەزنىسىنى ئاقسۇدا كور
ناتۇمەت بولما جەنۇپنىڭ پەيزىنى ئاقسۇدا كور،
نەجەنۇپ، ئاقۋاش تيانشان لەۋزىنى ئاقسۇدا كور.

بۇ زېمىن كانى گۆرۆچىنىڭ ھېچ زېمىنغا ئوخشىماس،
بار قېنى كىم بۇ دىيارنى جان تىكىپ چىن قوغدىماس،
خەلقى مەرت، ئىشچان ـ كۆرەشچان، قۇل بولۇشنى خالىماس،
تاغ ـ دالانى باغۇ ـ بوستان قىلمىغىنچە توختىماس،
ئىشقى يالقۇن خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى ئاقسۇدا كور .

قانچە شائىر بۇ دىيارنى گۈل دىيار دەپ كۈيلىگەن،
قانچە خانلار شۇم ئاستىدا ھەردەم چەيلىگەن،
شۇ سەۋەپتىن قەھرىمىز دولقۇنى كوككە ئۆرلىگەن،
نەچچە مىڭ يىللاپ چېلىشقان ياۋنى تارمار ئەيلىگەن،
شاھى پەر ھاتتەك يىگىتلەر نەسلىنى ئاقسۇدا كور.

بۇندىكى مەرتلەر دىلىدا بار بۈيۈك يۈكسەل تىلەك،
گۈللىتىشكە ھور ۋەتەننى جەڭ قىلىپ تالماس بىلەك،
كەلسە دۇچ مۈشكۈل يولىغا غەيرىتى ئاسمان پىلەك،
كوڭلى خۇشخۇد لەيلى بويلۇق، مەڭزى گۈلدەك ئوت يۈرەك.
پاكى شىرىن، ياكى زوھرا ۋەسلىنى ئاقسۇدا كور.

ئوت يۈرەكلەر قولى بىرلە بولدى تارىم شات ماكان،
جەننۇتۇلدىن مىڭ ئېسىلدۇر بۇندىكى ھەر باغ ـ ۋاران.
ئاققىنى تارىمدا شەربەت راھىتى جانىنىڭ ھامان،
سۈت بېرىپ پەرزەنتىگە ئاچقاچ قۇچاق تەكلىماكان،
نەھرىنىڭ سۈيگۈ مۇھەببەت مەۋجىنى ئاقسۇدا كور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تا ئەزەلدىن خەلقى ئىناق بىر ـ بىرىگە مېھرىۋان،
كۆللۈنۈپ مېھنەت بىلەن بولدى زېمىنى ھور ماكان،
ياتبۇگۈن ئەلگە كادايلىق، تۇرمۇشى رۇناق ھامان،
دوستقا مۇشتاق، ياۋغا خەنجەر، ئىشتا چاققان پەھلىۋان،
جەستى تاغدەك زەربىدارلار قەھرىنى ئاقسۇدا كور.

بۇدىيارنىڭ ھوسنى مەپتۇن قىلدى ئالەم ئەھلىنى،
كورسەڭ كەلسەڭ بۇ يۇرتقا كۈندە كوكلەم پەسلىنى،
ماڭمىز توسقۇن يېرىپكوزلەپ ئۇلۇغۋار پەللىنى،
ۋەدىمىز شۇ ئەندى قولدىن بەرمىگەيمىز غەلبىنى،
ھەرنە كۆلكە، شات ـ خۇراملىق بەزمىنى ئاقسۇدا كور.

ئى كوڭۇل! بولغىن ئىجاتكار ئەلگە ئىقبال كەلتۈرۈپ،
شۇندا زوھرايىڭ سۆيەر جاندىن سېنى ئەلا كورۈپ،
تۇنىيازمۇ ئارزۇ ۋىسالىغا يەتكەي شات كۈلۈپ،
ئەخمىدى قايدا بەخت دەپ بوينۇڭنى سوزما تەلمۈرۈپ،
بەختكە تولغان ئارزۇ بوستان ئەۋجىنى ئاقسۇدا كور.

1980 - يىل دېكابىر، ئاقسۇ

# سەپەر ئىلھاملىرى

## تىيانشان

قارايمەن ھەر تاڭ سەھەر زوق بىلەن،
باغرىڭدىكى گۈزەل تارىم بويىدا.
شاتلىنىمەن كورۈپ مەغرۇر قەددىڭنى،
قۇتلۇقلايمەن ھەر چاغ دوستلار تويىدا.

قامىتىڭ بار ھور دىيارىم ئۈستىدە،
گويا ئويغاق قاراۋۇلدەك مەردانە.
پامىر، كوئىنلۇن تۇتاش ساڭا چىن قورغان،
ئېتىكىڭدە ئومرىم ئۆتەر خەندانە.

ئارزۇيۇم بار ئىدى خېلە ئۇزاقتىن،
مەدەنگە باي بويلىرىڭنى كورسەم دەپ.
سەيلە قىلىپ گۈلزارىڭدا ھەر كۈنى،
ياشلىغىمنىڭ گۈل پەيزىنى سۈرسەم دەپ.

ئەي تىيانشان يەتتىم بۈگۈن ئارمانغا،
(ئاسمىنىڭنى لاچىن بولۇپ كەزدىمەن).
ئېلىم ـ پەندىن قاناتلانغاچ ئوزەمنى،
ھاياتىمنى ئەڭ بەختيار سەزدىمەن.

# تەكلىماكان

كەلگىنىمدە تەكلىماكان بويلىرىڭغا،
كۆردۈم مىسلى جەننۇ تۇلدەك باغلىرىڭنى.
شاتلىقىمنى باسالماستىن ھاياجاندا،
ئەسكە ئالدىم "چۆل" ئاتالغان چاغلىرىڭنى.

قايسى زامان، قايسى كۈنلەر بەخش ئەتتى،
گۈل چېھرىڭگە نامۇناسىپ بۇ ئاتاقنى.
تۇرسا ھۆسنۈڭ گويا توزدەك شۇنچە رەڭدار،
سېزەلمىدىم سەندە چۆللۈك ھېچقاياقنى.

ئىشتا پەلۋان خەلقىم بىلەن ياشناپتۇ چۆل،
"تىلسىمات" تا قەد كېرىپتۇ زاۋۇت مانا.
دەۋرىم ساڭا بېغىشلاپتۇ بارلىقىنى،
چۆمۈپ باھار شاتلىقىغا گۈللە يەنە.

1981 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى-ئاقسۇ

# يېزا ئىلھاملىرى

## (سىكىل)

### مۇقەددىمە

ئايلىنىپ ھور كۆز چېغى باردىم خۇشال،
يېزىغا - قوينى چېمەنزار ۋادىغا.
بۇندىكى قوۋناق ھاياتتىن بوپ رىزا،
يۈرۈكۈم تولدى شېئىر ئىلھامىغا.

※ ※

بوك - باراخسان باغلىرى ئوخشار گويا،
تەڭدىشى يوق جەننەتۇلنىڭ ئۆزىگە.
گەر زېمىن بولسا ئاجايىپ بىر ئۈزۈك،
يېزىلار ئوخشاپتۇ ياقۇت كۆزىگە.

كەڭ قۇچاق ئاچتى جانانىدەك ئۇ ماڭا،
كەل،- دېدى، - مېھمان يىگىت بىر يايرىۋال.
ئىشتىگىم كۆي - نەزمە كانىدۇر مېنىڭ،
باغ ئارا خەندان ئۈرۈپ شوخ سايرىۋال.

شۇ ھاياجان ئىلكىدە دىل شادلىنىپ،
ئۈرغىدى قەلبىم قېتىدىن نەزمىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىپىتخۇمارى ياش دىلىمغا ئوت سېلىپ،
ياگرىدى ھەر كەچتە، مەشرەپ، بەزمىلەر.

شاتلىغىم تاشتى ئاڭا زوقۇم كېلىپ،
مەھلىيا بولدۇم بولەكتىن يېزىغا.
ھورمىتىم ئاقماقتا گويا سەل بولۇپ،
ئىشتا مەرت گۈكشى ئوغۇل ھەم قىزىغا.

## ئۈزۈمزار

تۈرغىنى كۆز چاقنىتىپ باغلار ئارا،
تالغا ئاسقان ئۈنچە يا ــ مارجانىمىدۇ؟
بىز ئەمەك بولۇپ تەبىئەت ھوسنىنى،
بويىنىغا مارجان بىزەك ئاسقانمىدۇ؟!

بىھاجەت مۇنداق سوئال قويماق ئاڭا،
(ئاڭا دەك بەرگەن دىخان تەر تامچىسى)
ئۇ پەقەت ئاشىنا دىخانغا بىر ئۇمۇر،
تەر بىلەن ياشنار ھاياتنىڭ باغچىسى.

شۇ سەۋەپ ياگرايدۇ ھەر تاك تال ئارا،
ئىش ــ چىلىش داڭدارى مەرتلەر ناخشىسى.
تېپىلار يۇ باغچىدىن بىر قانچە خىل،
ئەمى، بال سورتلىۇق ئۈزۈمنىڭ ياخشىسى.

نەگە بارسام قارشى ئالدى ئۇمىنى،
ياپ - يېشىل ياپراق ئىچىدە جىلۋە قىپ.
شەربىتى ئاقتى تىنىمگە شۇررىدە،
قولغا ئېپ بىر دانىنى كورسەم تېتىپ.

## ئالتۇن تاغ

كوز ئالدىمدا دوۋە - دوۋە چەش تۇرار،
جولالىنىپ ئالتۇن ئوخشاش خاماندا.
بۇ يىل يېزام تاغ ياساپتۇ ئاشلىقتىن
سانسىز خامان قەد كىرىپتۇ ھەر ياندا.

ئۇچ يىل بۇرۇن كەلگىنىمدە بىر دۆيگە،
ئۇندا پەقەت بىرلا خامان بار ئىدى.
ئەندى كەلسەم مۇندا ئەھۋال باشقىچە،
دىدىم: "خامان نىچۇن مۇنچە ئاينىدى؟"

بىر تۇپ ئەنجۇر سانسىز مىۋە بەرگەندەك،
ھەر سالادا بىوپتۇ بەرپا ئالتۇن تاغ.
"نەكارامەت بولدى بۇ يىل" دىدىم مەن،
"خىزىر" ئاكا نەزەر سالغان قايسى چاغ؟!

بىلمەك بولۇپ بۇ ھىكمەتنىڭ سىرىنى،
چەش ئارىلاپ كەلسەم تۇرار بىر بوۋاي.
سورىغانتىم سوزلەپ بەردى ئۇ ماڭا،
قەلبىدىكى شاتلىغىنى باسالماي:

— "نەچچە يىلدىن بىز ئىشلىسەك جاپادا،
بىر ئۇچۇملار جان باقاتتى گەپ سېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەندەك ھوسۇلىمىز كېمىيىپ،
"مەن بۇلغاچ ئاش ئاشتى» دەيتتى پو ئېتىپ.

كورمەمەدىخان بۇ يىل ئەندى كارامەت
ئوخشاپ بوغداي سىغماي قالدى ئېتىزغا.
دان ئايرىشقا كەلدۇق قېرى - چۆرىلەر،
قىز - يىگىتلەر كەتتى ئالتۇن دېڭىزغا.

ئىشلىشۋېدۇق يەرنى ئېلىپ ھوددىگە،
شۇنچىلا چوڭ بولدى ئۇنىڭ ئۇنىمى.
كەتتى بىزنىڭ بېشىمىزدىن گادايلىق،
ئورنىتىلغاچ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى.

غەيرىتىمىز ئېشىپ ئاسمان پەلەكتىن،
ھوسۇلىمىز خۇددى ئالتۇن تاغ بولدى.
كۈندىن - كۈنگە ماڭدۇق بېيىش يولىغا،
قازان بىلەن چۆمۈچىمىز ياغ بولدى...

گەرخالىساڭ مۇخبىر يىگىت يېزىمىزنىڭ،
كۆز پەيزىدىن چەكسىز ھوزۇر سورىۋال.
قايتقىنىڭدا بەلكى ئەسلەپ قالارسەن
يېزىمىزنىڭ سۈرىتىنى ئېلىۋال.»

زەپمۇ ياقتى بوۋاي سوزى دىلىمغا،
سۈرەت ئۇچۇن تاللىدىم بىر مەنزىرە.
"چارست» قىلدىم-دە،سۈرىتىنى يېزىنىڭ،
تارتتىم قېلىپ گۈزەللىككە ئەندىزە.

1981 - يىل 10 - سېنتەبىر، ئاۋات-فورۇچول.

# دولان ناخشىلىرى

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

ئالدىمدا مۇسقىيىن بەتلىرى بۇگۈن،
سالىدۇ يادىمغا ئۇزاق بىر چاغنى.
خىيالىم قۇشلىرى ئۇچۇپ شۇ ھامان،
ئەلىدۇ سەيلانە كەڭ چاھرى باغنى.

شۇ باغدا بار مېنىڭ ئۇلپەت - ئۇستازىم،
(مەقبىرى چىمەنلەر ئىچىدە قويۇلغان.)
سەككاكى، زەللىيھەم ئامانىسا،
كۈيلىرى نەققاشتەك ئاڭا ئويۇلغان.

## دولان دەرياسى

تىلسىمات باغلىرىغا بېرىپ ئۇسسۇزلۇق،
ئاقىسەن ئۇركەشلەپ دولان دەرياسى.
قاسنىغىڭ چىمەنزار، بويلىرىڭ بوستان،
شاۋقۇنۇڭ بەختىنىڭ ياڭراق ساداسى.

www.uyghurkitap.com

ئاقىسەن بىر كۆمۈش بەلۋاقتا ئوخشاش،
ئايلىنىپ بىپايان تەكلىماكاننى.
بۇلۇتقا تىرەلگەن يېشىل توغراقلار،
ئەسلىتەر ھەر كورسەم پولات قورغاننى.

شۇ قورغان ھوسنىگە ياراشقان زىننەت،
ئاڭلىنار توت پەسىل بۇلبۇل ناۋاسى.
سېخىلىق ئىلكىدە تۇرغان باغلىرىڭ،
راھەتى ئىنسانىنىڭ، يۈرەك داۋاسى.

سۇ ئىچىپ باياۋان ياشنىدى سەندىن،
دەشتلەر ئايلاندى مۇنبەت ئېتىزغا.
ئۆپۈقتا تۇتاشقان يايلاق - ئىكىنزار،
ئوخشايدۇ چىكى يوق يېشىل دېڭىزغا.

كوز سالسام سىياقىڭ بۆگۈن بولەكچە،
بېزەپسەن دالىنى خۇددى توز سۈپەت.
تۈنۈگۈن يول يۈرگەن توگىلىك كارۋان،
كەلسەگەر تونالماس يولىنى پەقەت.

گۈزەللىك مۇجەسسەم بوپتۇ بويۇڭغا،
يىرتقۇچلار ئىزىدىن قالماپتۇ ئەسەر.
چاتقاللار بىرىپتۇ باغلارغا ئۆرۈن،
باغ تۇرار بىر ھەيۋەت ھەر شامۇ - سەھەر.

بېغىڭدا يېتىلگەن سەر خىل مېۋىنىڭ،
شوھرىتى ئەل ئـارا كەڭرى تارالغان.
مەنسۇپتۇر شان ـ شوھرەتدولان خەلقىغە،
تاۋلىنىپ مېھنەتتە باتۇر يارالغان.

شۇ سەۋەپ سۆيىمەن يۈرەك قېتىمدىن،
دولاننى ۋە ئۇنىڭ باتۇر خەلقىنى.
ئەجاتتىن توھپىلەر قوشۇپ تارىخقا،
تونۇلغان ئالەمگە سەنئەت ئەھلىنى...

ئاققىنى سېنىڭدە سۇ ئەمەس زەمزەم،
ئاققىنى دولاندا سۈت كەبى كەۋسەر.
شۇ ئەزىم دەريالار بولغاچقا كېچىل،
دىيارىم تۇپرىقى بىباھا گوھەر.

## دولان قىزىغا

تاڭ سەھەر ماڭساڭ ئېتىزغا كۆي قېتىپ،
تۈن پەرىسى قالدى ھەيران تاڭ بېقىپ.
بەسلىشىپ چولپان بىلەن ماڭغاندا سەن،
قانچەمەرتلەر دىلىغا قالدىڭ يېقىپ.

ئاڭلىغانتىم بىر زاماندا ئەل ئارا،
" ئالدىم دولاننىڭ قىزىنى"...
دەپ بىر ناخشىنى.
ھەي، بۈگۈن بىلدىم سىرىنى مەن ئۇنىڭ،
بەھۇدە قىپتۇ مازاق بىر ياخشىنى.

كورمىدىم سەندە بوشاڭلىق ھېچقاچان،
تەر توكۈپ باغ قىپسەن كەنتنى.
باغ ئەمەس جەننەت ئىكەن يۇرگەن يېزاڭ،
سەن چېقىپسەن بۇندا ھايات قەنتنى.

تاشىدۇ زوقۇم دىلىمدىن ھەر قاچان،
گۈل سۆپەت ھوسنى جامالىڭغا قاراپ.
كەلىدۇ ئالدىمغا بوستان شۇ ھامان،
چاچلىرىڭنى تالمۇ ـ تال يۇرسەڭ تاراپ.

يارىشىپتۇ زەرى دوپپا بېشىڭغا،
يارىشىپتۇ ئەتلەس كوينەك يېشىڭغا.
ئەسكە سالغاچ ئويناق كوزۇڭ بۇلاقنى،
قانماق بولۇپ كەلدىم سېنىڭ قېشىڭغا.

## دولان راۋابى

كوردۇم سېنى بۇگۈن خۇشال مەشرەپتە،
بوۋام دىلدىن ئاشىقتەك سۆيگەن راۋاپ.
تەشنالىغىم قېنىپ شۇ دەم ۋىسالىڭغا،
بەزمە ئارا ئوزدۇم گويا بولۇپ كاراپ.

باققىنىمدا ئوك ـ سىزلۇمغا سەھنە ئارا،
جور بولۇپتۇ كۆيلىرىڭگە قالۇن ـ غىجەك.
ئاپپاق ساقال بوۋايلارمۇ ئەپچىلغىنە،
ئوينىزشۇپتۇ كوڭلى ـ كوكسى يەردىلغىدەك...

ئاشتى شۇ چاغ مۇھەببىتىم بىردىن ساڭا،
ئىجاتچىڭغا دىل سوزۇمنى ئىزھار قىلدىم.
ئەلگە مەشھۇر شوھرىتىڭ ھەم خىسلىتىڭنى،
جايان ئەيلەپ نەزمە بىلەن ئەشئار قىلدىم.

تۇرقىڭ سېنىڭ ئاددىغىنا بولغان بىلەن،
جاھان سەنئەت سەھنىسىدە ھورمىتىڭ بار.
ئەجدادىمدىن مىراس قالغان تۇگىمەسكە،
بىر ساخاۋەت غەزىنىسىدەك نېمىتىڭ بار.

سەن يارالغان خاسىيەتلىك شۇ دەرەختەك،
ئەۋازىڭمۇ بىرەر دىلغا شۇنچە ھوزۇر.
مۇقام باشلاپ « جۇلا » بىرلە ياڭرىساڭ گەر،
ئاقار تارىم دولقۇنىدەك قەلبىم غورۇر.

ئوخشىمايسەن چالغۇلارنىڭ ھېچبىرىگە،
(سېنىڭ دولان خەلقىدەك زىچ تارلىرىڭ بار.)
تەكلىماكان ۋادىسىدۇر ساھىپخانەڭ،
ئۇندا ئىشچان سەنئەت خۇمار يارلىرىڭ بار.

## قالۇن

چالغۇلار ئىچىدە شوھرىتىڭ داستان،
ياڭرىساڭ قوزغىلار ئەلنىڭ دىققىتى.
ساڭا جەم بولغاندۇر قەدىم سەنئەتكار،
خەلقنىڭ ئىجادى، ئەقىل، مېھنىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋازىڭ ئەزەلدىن يېقىملىق، ياڭراق،
ئوزەڭسەن خەلقىمنىڭ يېقىن ئولپىتى.
چىلىنساڭ سورۇنلار ئارا بەزمىدە،
كېتىدۇ مىڭ يىللىق ئەلنىڭ كۆلپىتى.

گاھ چىقسا سېنىڭدىن مۇڭلۇق كۈي - سادا،
بوۋاملار روھىنىڭ كىلەر ھىكمىتى.
شۇ مۇڭلار ئىچىدە ئوتكەن كۈنلەرنىڭ،
ئاڭلىنار بىر - بىرلەپ ھىجران قىسمىتى.

سەن بىلەن تەقدىرداش جاپاكەش بوۋام،
قالدۇردى بۇگۈنكە سىنى يادىكار.
ئوچمەيسەن شۇ سەۋەپ تارىخ بېتىدىن،
كۆرەشچان ئولپىتىڭ تاپقاچ ئېتىۋار.

يار بولدۇڭ ئەزەلدىن بۇ ئۇلۇق ئەلگە،
تۈن مىسال كۈندۈزلەر ۋە يا كېچىدە.
بوغىمۇ تالاي يىل، سىنى ئاسارەت،
سايرىدىڭ بۇلبۇلدەك قەپەز ئىچىدە.

سەن ئوتتۇڭ سىرداش بوپ خەلقىمگە ئەبەت،
دوستلارنى كۈلدۈرۈپ، ياۋنى مات قىلدىڭ.
خۇشناۋا كۈيۈڭدە ياڭرىتىپ مۇقام،
تارىم بويلىرىنى كۈندە شات قىلدىڭ.

چاش قىلدىڭ زۇلۇمنى، مۇدھىش زامانىنى،
مېھنەتكەش دولاننىڭ خەلقىغە جور بوپ.
كۆيۈگىدىن ئويغاندى دەشتۇ ـ باياۋان،
ھەمسالى شاۋقۇنلۇق بىر دەريا بولۇپ.

ئەي قالۇن سەن ئاددى بىر ياغاچ ئەمەس،
مۇجەسسەم سىنىڭدە ئەجدات خىسلىتى،
ساگا جان ھەمدە ئۇن بېرىپ سوزلەتكەن،
دولاننىڭ خەلقىدۇر ئالەم زىننىتى.

يېتىلگەچ سەنئەتنىڭ نەۋ باھار پەسلى،
ياگرىدى ئاۋازىڭ يېڭى ساداغا.
تىيانشان شاتلىققا رۇسلاپ قەددىنى،
جەسلىشىپ بىز بىلەن چۇشتى ساماغا.

ئەي قالۇن كۆيىڭنى ياگرات توختىماي،
ئېچىلدى ساگا كەڭ سايراش پۇرسىتى.
ئۆلپىتىڭ بولەكتىن تاپتى سائادەت،
يوغالماس ئۆنىڭنى شۇملار توھمىتى.

## مەشرەپ

قاچان كەلسەڭ مىسالى توي،
دولاندا بەزمە قاينايدۇ.
ئاتايدۇ ئەل ئۇنى مەشرەپ،
فەرى ھەم ياشلار ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ھوزۇر ئۇنىڭدىن شات،
دىلى ياشنايدۇ ـ يايرايدۇ.
يۇرۇپ سەنئەت بېغى ئىچرە،
جانان ۋەسلىگە قانمايدۇ.

كى ئۇيغۇر خىسلىتى شۇنداق،
چېلىش ـ مېھنەتتە ھارمايدۇ.
يولدا كەلسە گەر مۇشكۈل،
ئۇنى ھەم توي ھىساپلايدۇ.

ئەنە مەشرەپ ئارا ئوينار،
يىگىت ـ قىزلار ياساپ ئۇركەش-
"سىردىلمە" ھەم "ھوزۇر" بىرلە،
كۆڭۈللەر مەيلىگە تەڭكەش.

ساما سالسا "دۇگامەت" گەر،
بولار مەيدان گويا جەڭگاھ.
شىمايلاپ يەڭ ئۇسۇل ئەھلى،
بىرەر رەقىبىگە پەشۋا...

داۋام ئەتكەن ئۇنى بۇ ئەل،
بىلىپ ئەجدات مىراسى دەپ.
شۇ ئەجدات پاك ئەقىل بىرلە،
ئىجات ئەتكەن بۈيۈك مەكتەپ①

---

① يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ دولان مەشرىپى توغرىسىدىكى ماقالىسى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭ توققۇز مۇقامىدۇر،
دىلىمنى لەرزىگە سالغان.
"جۇلا" "ئۇز هال" "مۇشاۋرەك"....
ماڭا سۆيگۈ ئوتى ياققان.

ئەزەلدىن ئىشقىۋاز خەلقىم،
ئاڭا شۈەنجىياڭمۇ تاڭ قالغان①
"يۇيتيەن""جۇيزىجۇ" نى ھەم،
بوۋاملاردىن سوغات ئالغان.

قەدىم تەكلىماكان كۆيى،
جاراڭلىدى دىيارىمدا،
ساداسى بوپ تيانشاننىڭ،
قىلار جەۋلانى تارىمدا.

پەخىرلىكمەن شۇڭا دوستلار،
جانان بىلەن ساما سالسام.
نە ئارمان قالغۇسى دىلدا،
جانانىم ۋەسلىگە قانسام.

جانانىم، دىلبىرىم ـ سەنئەت،
ئۇنىڭ ۋەسلىگە تويمايمەن.
پىراقى ئورتىگەچ دىلنى،
دولاندا مەشرەپ ئوينايمەن.

1982 ـ يىل ماي، قەشقەر ـ مەكىت

---

① شۈەن جىياڭ ـ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىپ تىيالۇ سىڭ. ئۇ 643-
64 ـ يىللىرى غەرپكە قىلغان سەپىرىدە، كۇچار، خوتەنلەردە بۇددىزىمنى ئۆگىنىپ يە ـ
...دىن، قەشقەرگە كىلىپ «دوگىخۇالۇ» ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتقان. «يۇيتيەن»، «جۇيزىجۇ»
...دىمى ئۇيغۇر مۇزىكا ئاھاڭلىرىدىن بولۇپ «يۇيتيەن» (خوتەن) «جۇيزىجۇ» (كۇچار)
...ئاھاڭلىرىدۇر. ھازىرغىچە خەنزۇ ئەدەبىياتى تەركىۋىدە شۇ ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەينى
...لاردا شۈەن جىياڭ ئۇنى ئېلىپ كىتىپ تاڭ مەدەنىيىتىگە ئۇزلەشتۈرگەن ـ ئاپتۇر.

كېرەم مىجىت

## ياشلارغا

تەشەببۇسۇم شۇ غۇنچىدەك ياشقا،
ياشلىق كەلمەيدۇ قېرىسا باشقا.
كىيىنكى پۇشايمان ئۆزەڭگە دۈشمەن،
ھەتتا ئۇرساڭمۇ بېشىڭنى تاشقا.

غەيرى ھەۋەسنى تاشلىغىن، قويغىن،
ئىلمى ھېكمەتتىن مەي ئىچىپ تويغىن.
غۇنچەڭ پورەكلەپ ئېچىلسۇن ـ كۈلسۇن،
تەشنا دىلىڭغا گۈل ـ نەقىش ئويغىن.

ياشلىقتا تاللا شۇنداق بىر يولنى،
ئەل بەختى ئۈچۈن تارتمىغىن قولنى.
بەيگىلەر ئارا ئۆزگىن كاراپتەك،
يەتمەي مەنزىلگە بوشاتما بەلنى.

## پارتىيەم

بەخت تاپتىم يولۇڭدىن،
تۇتۇپ سېنىڭ قولۇڭدىن.
ئەقىل ئالدىم نۇرۇڭدىن،
شام چىراغىم پارتىيەم.

مېھرىڭ ئىسسىق قېنىمدىن،
سۆيگەچ قايناق دىلىمدىن،
مەدھىيىلەيمەن تىلىمدىن
پاسىبانىم پارتىيەم.

شۇڭا قۇتلۇق نامىڭغا،
داستان يازاي شانىڭغا،
كېپىل ئۆزەڭ جانىمغا،
باش پاناھىم پارتىيەم.

يۈرۈكۈمگە تاڭدىمەن،
سېنىڭ بىلەن ماڭدىمەن،
تەشنالىقتا قاندىمەن،
قىبلىگاھىم پارتىيەم.

## رۇبائىيلار

بىر قېتىم تۇغۇلۇپ ئۆلسەم مىڭ قېتىم،
بالىلىرىم بولمايدۇ قەرەلسىز يېتىم.
يامانىنى ياخشىغا ئورىسە پەلەك،
دىلىمدا ساقلىنار يوقالماي ئېتىم.

× × ×

ئېلىمدىن نۇر ئەمگەن باتۇر كېلىدۇ،
ھاياتىنىڭ مەنىسىنى قالتىس بىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەل ئۈچۈن باغ ياساپ، چىمەنلەر تىزىپ،
شۇ باغدا شادىمان چەندان كۈلىدۇ.

× × ×

ئەر بولۇپ تۇغۇلدۇڭ، ئەرلەردەك ياشا،
ئىجادى ئەمگەككە زېمىن كەڭ تاشا.
قەلبىڭنىڭ جامىنى تولدۇر پەن بىلەن،
ئەقلىڭگە بىلىمدىن يانار تاغ ياسا.

× × ×

تېنى بار، جېنى يوق بولۇر يۈرەكسىز،
نەپسى ئۈچۈن سوزلىگەن ئەلگە كېرەكسىز.
نە ھايات قىممىتى بولسۇن ئۇلاردا،
يوقىلار ئالەمدىن ئىزسىز - دېرەكسىز.

× × ×

بەھرىمەن بەزىلەر تىرناق كىرىدىن.
ئەلادۇر ئۇلارغا مېھنەت تەرىدىن.
كىر بىلەن جان باققان بۇنداق نادانلار
ئاقىۋەت ئېلىنۇر تويماس گىلىدىن.

× × ×

بەزىلەر سوزىگەسا لىمغىن قولاق،
لىۋىدە كۈلكىسى، كوڭلىدە توزاق.
دولاڭنى قاقاندىن قىلغىن سەن ھەزەر،
غەرق قىلار ئۇ قازغان تىگى يوق بولاق.

× × ×

دىلىمنىڭ ھۆرمىتى جانان قېنى كەل،
تۇمەن مىڭ ئارزۇدىن قىلغىن بىرنى ھەل.
تولدۇرسۇن جاملارنى كوكۇل رىشتىمىز
ھەق ئۈچۈن جان بېرىپ بولغىن ياندا دەل.

× × ×

مەس بولۇپ يىغلىدىم مەيچىنى تىللاپ،
ساقايسام كوپ ئىچتىم ياخشىنى خىللاپ.
ئىچىۋەر مەيچىدە، مەيدە گۇنا يوق،
ئادەمنى، ۋاقىتنى، ئورۇننى تاللاپ.

× × ×

يامانغا ئېيتمىغىن ساقلىغىن سىرنى،
تۇرقىغا بىر قاراپ بىلىۋال دىلنى،
سىر ئىگىنى ساقلىماي - ساقلاشقا بەرسەڭ،
چاشقانمۇ بىر كۈنى يىغلىتار پىلنى.

× × ×

تۇققان شۇ يات تۇرۇپ ۋاپا قىلغىنى،
يات ماڭا دوست تۇرۇپ خاپا قىلغىنى.
رەنجىتسە ئىگەر كىم يارۇ - دوستىنى
ئاقىۋەت ئوزىگە جاپا قىلغىنى.

× × ×

شات ئوتتۇش ئومۇرلۇك ياشاشنىڭ يولى،
ئېچىلۇر دىلىڭدا خۇشخۇيلۇق گۇلى.

تۇرۇلسە قاپىقىڭ چەكلىك يىلىڭدا،
قىزىلۇر ۋاقىتسىز ھاياتىڭ ھۆلى.

× × ×

قورقىمەن ھەق ئىشنى كۆرمىگەن كۆزدىن،
پىچىرلاپ ئاۋازى چىقمىغان سۆزدىن،
ھەر ماكان غىمىلاپ، مىياڭلاپ يۈرۈپ،
تىغ ئۇرماي جان ئېلىپ ياش تۆكەر كۆزدىن

× × ×

ئىناقلىق زور كۈچتۇر ھەممىدىن غالىس،
قوغدىغان ئۆملۈكنى ياخشىغا ۋارىس،
ئۇيۇشقىن ئەل بىلەن بولۇپ ئىتتىپاق،
ھەقىقەت بابىدا سۆزلىگىن خالىس.

× × ×

گەر بولساڭ قىلماقچى تەبىئەتنى قول،
چەككىن سەن قەلبىڭگە مەرىپەتتىن گۈل.
ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزەي دېسەڭ مەنىلىك،
سايرا،پەن ئىشقىدا بولۇپ شوخ بۇلبۇل.

× × ×

يۈكسىلىپ پەن بىلەن گۈللىنەر ھايات،
ئىلىم - پەن مېھنەتتىن يۇرت بولۇر ئاۋات.

ئۇلۇغۋار ئىرادە بولسا گەر سەندە،
ساپ تەردىن بىر ئۆمۈر چىشلەيسەن ناۋات.

× × ×

ئۆگىنىش ئارزۇيۇڭ بولسا تۇراقلىق،
كۆزلىگەن مەنزىلىڭ قالماس يىراقلىق.
ئەجرىڭدىن يېتىلگەن ھەر تۈپ كۆچەتنىڭ،
مېۋىسى بال مىسال ھىدى پۇراقلىق.

× × ×

مەرىپەت ئىزلىسەڭ كۆزلە يىراقنى،
قەلبىڭگە قاز بىلىم - پەندىن بۇلاقنى.
گەرچە سەن ھەممىگە بولساڭمۇ ماھىر
كۆرەڭلەپ ئاسمانغا ئاتما تۇماقنى.

× × ×

پەن ئۆزى ھەقىقەت ئەمەس راۋايەت،
كۈچى زور، قۇدرىتى چەكسىزدۇر غايەت.
ئىلىم - پەن ئەھلىگە ئايلىناي دېسەڭ،
ئىگەللە سەن ئۇنى، تىرىش ناھايەت.

× × ×

بىل دوستۇم ئىلىم - پەن ئەل ئۈچۈن قانات،
شۇ سەۋەپ ئۆگەنگىن يېڭىنى يارات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇبادا قالدۇرۇپ ئىجادىڭدىن ئىز،
ئۆتسەڭمۇ ئالەمدىن ياشايسەن ھايات.

× × ×

ھاياتنىڭ قىممىتى تامچىغان تەردە
ياشلىقتا قەلبىنى سۇغارغان زەردە.
ئىلىم ـ پەن ئەۋجىدە داۋانلار ئاشقان،
ئەۋلاتلار مېھنىتى قالمايدۇ يەردە.

1980 ـ 1983 ـ يىللار، ئاقسۇ ـ كۇچار



ئىمىر ھېزىم

## تيانشانغا

ھەي تيانشان سەن قاچاندىن بار ئىدىڭ،
ياكى تەڭ زىمىن بىلەن بولغانمىدىڭ.

چوڭ بولۇپ مەن قارىسام تىك تۇرىسەن،
گاھى قارغا كومۇلۇپ ئۇيقىدا سەن.

گاھى قۇياش نۇرىدىن كۇلكىدە سەن،
گاھى بوران، جۇت شامال ئىلكىدە سەن.

گاھ سىنى قاپلاپ كىتەر تۇتەك - تۇمان،
گاھ ساڭا ھولدۇر يىغىپ بەرمەس ئامان.

گاھىدا جىن كورسۇتۇپ ھەر خىل ئويۇن،
گاھىدا چاڭ توزۇتۇپ تەتۇر قۇيۇن.

گاھى سوغاقتىن ساڭا تىگەر ئۇششۇك،
گاھى چاشقان زەربىدىن باغرىڭ تۇشۇك .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گاھی ھوۋلاپ بورىلەر جىم ياتمىغان،
گاھی ھەجەر دەم سۇرۇپ ئۇخلاتمىغان.

گاھی چاغدا شۇم چۇغۇندەك ۋاقىراپ،
گاھی چاغدا پاقا چىغى كاكىراپ.

گاھی باغرىڭنى ئۇۋۋا قىلدى ئىلان،
تىلغىدى باغرىڭنى گاھی شۇم قاۋان.

گاھی كويدۇردى بويۇڭغا ئوت چىچىپ،
گاھی چومدۇردى قىيانىدىن سۇ ئىچىپ.

شۇنچە زۇلمەتكە سىنىڭ چىداشلىغىڭ،
نىمە دىگەن يۇكسەك سىنىڭ بەرداشلىغىڭ.

چىدىغاندۇر بەلكى سىنىڭ زور بويۇڭ،
ياكى باردۇر قوسىغىڭدا بىر ئويۇڭ.

كورمىگەن شۇنچە گۇزەل بەستىڭنى مەن،
كورمىدىم لىكىن سىنىڭ كوكسۇڭنى مەن.

ئويلۇشۇمچە بەكمۇ زوردۇر بايلىغىڭ،
بەكمۇ ياخشى كەڭ پايانسىز يايلىغىڭ.

ساقلىدىڭ سەن شۇنچە بايلىقنى ئامان،
دەيلىچە يەپ كەتمىدى مۇدھىش چايان.

ھەي تيانشان مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ،
يارىمەن ساڭا بۈگۈن يەڭنى تۈرۈپ.

مەن بۈگۈن ساڭا قاراپ ئات سالىمەن،
سەندىكى بايلىقنى قويماي ئالىمەن.

شۇندا سەن سوغاتلىرىڭنى تۇتىسەن،
مەقسىدىڭگە سەنمۇ شۇندا يېتىسەن.

كومپارتىيە چاقىرىقى بولدى قانات،
ئەمدى ھاسىل بولغۇسى مەقسەت-مۇرات.

بۇ ئىمىر قىلدى تيانشانغا خىتاب،
مەن ئولۇپ كەتسەم سوزۇم بولغاي كىتاب.

1979 - يىل ئۆكتەبىر، كۇچا.

## پايدا يوق

ئى كۆڭۈل ھوشيارى بول بىخۇت تۇراقتىن پايدا يوق،
بولمىسا باغىڭدا گۈل يانتاق، شۇۋاقتىن پايدا يوق،
ئۈنمىسە بۇغداي، قوناق، ئەمەن، قىياقتىن پايدا يوق،
بولمىسا ئىللىق باھار جۇتتىن،سوغاقتىن پايدا يوق،
ئاشنى يەپ ئۇخلاپ يۈرۈپ ئۆتكەن ھاياتتىن پايدا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەل بىلەن ئوتكىن ئىناق دۈشمەنگە بولما رەھىمدىل.
مەنىسىز ئوتكەزمە ئومرۈڭ كۈن ۋە ھەپتە، ئاي-يىل،
يېڭىلىق - ئىجادىيەت ئەۋلاتلىرىڭغا تۇھپە قىل،
ئوزگىلەر ئالغا كىتىپتۇ، يۈكسىلىشنى سەنمۇ بىل،
ۋاقتى ئوتكەندىن كىيىن ئاچچىق ساۋاقتىن پايدا يوق..

گەر دىسە روھى كىشەن: ياخشى - ياماننى ئىلغىما،
سەن ئاڭا قۇلاق سېلىپ ھەرگىز ئوزەڭنى بۇلغىما،
تەۋقى لەنەت بىپىغا ھەرگىز ئوزەڭنى باغلىما،
دەسلىۋىدە ئالدىنىپ ئاخىرىدا يىغلىما،
سەن ئەگەر بولساڭ ئەسىر ھېچقايسى ياقتىن پايدا يوق.

گەر قولاڭدىن كەلسە سەن تورت يانغا ئوخشاش نۇر تارات.
ئوچمەسۇن قەددىڭ سىنىڭ خەلقىڭگە تۇھپە گۈل يارات،
جانۇ - تەن، ئىدرەك - ئەقلىنى ھەممىنى پەنگە قارات.
تاپىسەن بەختىڭنى شۇندا پەن بولۇر ساڭا قانات،
پەن ئويىگە كوچمەسەڭ ئەسكى راۋاقتىن پايدا يوق.

ئەلنى ئىغىر ئىش بىلەن ئۇزۇن زامان قىلما خاپا.
سەنمۇ شۇندا قوشۇلۇپ خەلقىڭ بىلەن تارتما جاپا.
قانچە يىللار زايىگە ئوتمەسۇن ئومرۈڭ بىكا،
بولمىغىن بىچارىلەرچە ھەر كۈنى كەتمەن چاپا،
بۇ ئىغىر جىسمانى ئىش كەتمەن-ئوغاقتىن پايدا يوق.

يۈرمىگىن ئاخماق بولۇپ ھەر كۈن قوپۇپ يەرنى چالاپ،
ئۇما ئورۇپ بەل تىلىپ خامان سورۇپ كۈنگە قاراپ،
سەنمۇ بىل ئويناپ كۈلۈشنى ھەر كۈنى بەزمە ياساپ،
ئوت جاھاندىن ھەممە چاغ جەننەتتە يۈرگەندەك ياشاپ،
كىرمىسەڭ جەننەتكە سەن ئىپلاس دوزاقتىن پايدا يوق.

بولمىغىن شەخسى غەرەز ھەر ئىشتا بول ئەلگە كىپىل،
ئەل ئۈچۈن بوستان ياساپ خەلقىڭ ئۈچۈن گۈلدەك ئېچىل،
پەن يولى چەكسىز ئۆلۈق بۇ يول ئۈچۈن ئىشلەت ئەقىل،
قىل ئېغىر ئەمگەكنى يوق يەر يۈزىدە ئۇزۇل - كېسىل،
بولمىسا گۈل مۇدىسى ئۇنگەن چوماقتىن پايدا يوق.

سەن بۈگۈن يولغا چىقىپ قىلدىڭ سەپەر پەنگە قاراپ،
يولدا بار بىر نازىنىن جىلۋە قىلۇر ساڭا قاراپ،
چۈشمىگىن دامىغا سەن ئۇ قىلسىمۇ سېنى تاۋاپ،
چۈنكى ئۇ بىر ساختىپەز تۇرغان سېنى دائىم ماراپ،
ۋەتىنىم، خەلقىم دىگىن بىزگە يىراقتىن پايدا يوق.

ئىلمى - پەن سۆيگەن كىشى ئەلگە بىلىمنى تونۇتار،
ئوت يىقىپ روھى كىشەنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتار،
ئېلىم - پەن بوستانىدىن خۇشخۇي پۇراقلار پۇرۇتار،
ئېلىم - پەنىڭ خىسلىتى قاراڭغۇ تۈننى يورۇتار،
بولمىسا تۈن، كۈندۈزى ياققان چىراقتىن پايدا يوق.

ھەر ئىمىر كۆڭلۈڭگە لىق ئىلھام تولۇپتۇ پەن ئۈچۈن،
پارتىيىمىزنىڭ يولى خوپ يارىشىپتۇ سەن ئۈچۈن،
ۋەتىنىم، خەلقىم دىگىن ھەرگىزمۇ دىمە مەن ئۈچۈن،
ئال قەلەمنى شېئىر ياز پارتىيە، خەلق، ئەل ئۈچۈن،
ئىشقىسىز يازغان شېئىر، ناخشا – قوشاقتىن پايدا يوق.

1980 – يىل مارت، كۈچار

## كومپارتىيەم شەنىگە

پارتىيەم باشچى بولۇپ،
ئوت ياقتى زۇلمەت تەختىگە.
خۇش كۈلۈپ ئىرىشتى ئەل،
پارلاق سائادەت بەختىگە.

يوقۇتۇپ زۇلمەتنى سەن،
چىقتى ئادالەت سەھنىگە.
سەن جازا بەردىڭ ئەجەللىك
مۇدھىش جەھەننەم ۋەھمىگە.

جۇت – زىمىستان يوقۇلۇپ،
يەتتۇق باھارنىڭ پەسلىگە.
قىلدىڭ ئىگە بىزنى سەن،
بەختى پاراۋان ۋەسلىگە.



بىزنى ئەزگەن شوم رەقىپ،
چۈشتى جەھەننەم تەكتىگە.
ئىگە بولغان بىز تولۇق،
شۇندا ۋەتەننىڭ شەھدىگە.①

پارتىيەم گۈل زەپ چىرايلىق،
چوكتى ۋەتەننىڭ ھۆسنىگە.
شۇنداق خۇشلۇق پاتمىغان،
خەلقىم دىلىغا،كوكسىگە.

باغلىنىپ قەلبىم مىنىڭ،
سەن پارتىيەمنىڭ شەنىگە.
گۈل ئۈنۈپ مېھرىڭ بىلەن،
چوللەر تولۇپتۇ كەشتىگە.

بوز ئېچىپ ئۇستەڭ چېپىپ،
ئاشلىق تېرىلدى دەشتىگە.
ئۈي سېلىپ زاۋۇت قۇرۇپ،
نەققاش بېرىلدى بەستىگە.

سەنئىتىڭدىن بىر كاچات،
تەگدى خوراپات نەسلىگە.
كونىلىق سورەلمىلىك،
كەلمەيدۇ ئەمدى ئەسلىگە.

① شەھدى — شېكەر

قاتتىق ئىشلەپ تەر توكۈپ،
ماڭدۇق زامانى پەللىگە.
يېتىمىز نىشانىمىز،
پەنگە يۇرۇشتە غەلىبىگە.

ھەممىمىز ئاۋاز قوشۇپ،
پارتىيىمىزنىڭ ئەمرىگە.
كەلتۈرىمىز شان - شەرەپ،
كومپارتىيەمنىڭ شەنىگە.

ئال قەلەمنى شائىرا،
مەدھىيە يازغىن دەۋرگە.
بەختىيارسەن، ئىگە سەن،
كومپارتىيەمنىڭ مېھرىدە.

1979 - يىل 13- ئىيۇن، كۇ[illegible]

## ئانا

سەن مېنى تۇققان ئىدىڭ كوپ ئارزۇ - ئارمان بىلەن،
شۇندا سەن ھەمرا ئىدىڭ مۇدھىش تۇمان دەۋران بىلەن.

يىغلار ئىدىم شۇ كېچىدە ئۇخلىماي ئەپغان بىلەن،
ئۇيقۇسىز تارتىڭ جاپانى ئوتتى تۇن ھىجران بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن بېرىپ ئاق سۈت ،ئاڭا باقتىڭ ھەممە ئىمكان بىلەن،
مېھرىدىن باغرىڭغا باستىڭ ئاھ بالام دەپ جان بىلەن.

نازۇ - نېمەتلەر يىگۈزدۈڭ دارىيۇ - دەرمان بىلەن،
مەن چېنىقتىم تاۋلىنىپ يامغۇر، جۇدۇن، بوران بىلەن.

قالمىدىم ئۇنتۇپ ئۇ كۈننى بولمىدۇم يەپ نان بىلەن،
بىلىمەن شۇندا بويالغان رەڭگى - روھىڭ قان بىلەن.

بۇنى كورۇپ جەڭگە چۈشتۈم چىددىماي ۋىژدان بىلەن،
جاننى تىكىپ مەن ئېلىشتىم يالماۋۇز شەيتان بىلەن.

كوپ ۋاقىت قىلدىم ئۇرۇشنى مىڭلىغان قۇربان بىلەن،
ئاخىرى ياۋنىڭ قولىنى باغلىدىم ئارقان بىلەن.

پارتىيەم قىلدى ھوكۇمنى شۇندىلا پەرمان بىلەن،
قۇتۇلۇپ شۇندا تۈگەشتۇق قان ئىچەر جەريان بىلەن.

جان ئانام شۇ كۈن كورۇشتۇق ئەسلىگەن جانان بىلەن،
ھوسنىڭىز زىننەتكە تولدى گۈل بىلەن، رەيھان بىلەن.

ئوغلىڭىز تونۇلدى ئەلگە شۇ ئۇلۇغۋار شان بىلەن،
چۈنكى بولغاچ ھەمنەپەس ئۇ، كان بىلەن، ئىشچان بىلەن.

جان ئارام راھەت ياشاڭ ھەر كۈندە تەڭ مېھمان بىلەن،
چۈنكى ئوغلۇڭ بولدى سەپداش مىڭلىغان پالۋان بىلەن.

ئىمىر ھېزىم تەڭ كورۈپتۇ ئانىسىنى ئاسمان بىلەن،
شۇڭا ئۇ رەخمەت ئوقۇپتۇ شېئىر يېزىپ داستان بىلەن.

1979 ـ يىل ئوكتەبىر، كۈچار

# ئوچ

ئەيتايىن كوڭلۈم سىرىنى ئەسلىدىن غېۋەتكە ئوچ،
جىر ـ بىرىگە ھىلە ـ مىكىرى سۇئىقەست، توھمەتكە ئوچ.

ئوتسە دەيمەن ئادىم ئومرى ھەر قاچان ئەركىن خۇشال،
ئامرىغىمدۇر شادىمانلىق غۇسسە ـ غەم، غۇربەتكە ئوچ.

بەزى ئەرلەر چاچ قويۇپتۇ مورىسىگە چۈشكىچە،
ئەجنەبىلەرچە ياسانغان بۇ رەزىل زىننەتكە ئوچ.

ئەر ـ ئايالنىڭ پەرقى بولماس ھەممىسى گىرىم بىلەن،
باشقىلاردىن بىزگە يۇققان بۇ قەبىھ ئىللەتكە ئوچ.

بەزىلەر شۇنداق ئوتەركەن قۇل سۇپەتتە باش ئۇرۇپ،
شەخسىگە مۇنداق چوقۇنغان تەخسىكەش ھورمەتكە ئوچ.

ھەر كۈنى چەكسەم جاپانى تەر توكۈپ ۋەتەن ئۈچۈن،
مانا بۇ ئەڭ چوڭ بەختتۇر ئەجرىسىز نېمەتكە ئوچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دوست بولۇر بەزى كىشىلەر نەپسى شەھۋەت يولىدىن،
ئىتتىپاقلىقنى تىلەيمەن نەپسى خور ئۆلپەتكە ئوچ.

بەزىلەر قىينالدى يىغلاپ قارا تۆھمەت ئىلكىدە،
ئۆردى-سوقتى ئالدى ھوججەت بۇ قارا تىلخەتكە ئوچ.

مەنىلىك ئۆتسۇن ھاياتىنىڭ ھەممە مىنۇت-سائىتى،
بىئارام قىلغان كوڭۈلنى ھەر مىنۇت زۇلمەتكە ئوچ.

ھېچكىشى سۆيمەس جاپانى گەر سۆيەر راھەت پىراغ،
ھېچ تىرىك جانلىق جاھاندا بولمىغاي لەززەتكە ئوچ.

ئوقۇسام قانچە كىتاپنى قورقۇتار خەلقنى تومۇغ،
بولمىغاي ھېچكىم ئەزەلدىن كانى بەخت جەننەتكە ئوچ.

ماڭا لازىم قانچە بولسا ياخشىلىقنىڭ مېۋىسى،
ھەر يامانلىقتىن يىغىلغان بىر دۆۋە ئەخلەتكە ئوچ.

مەرىپەتتىن خەۋىرى يوق باش بولۇپ ئىدارىگە،
يۈكسىلىشكە پۈتلىكاشاڭ شەخسىيەت مەقسەتكە ئوچ.

كورمىگەن مەكتەپ يۈزىنى مۇش ئىتىپ سەكرەپ چىقىپ،
ئىنقىلاپچى دەپ ئاتالغان دىلىقارا مۇرتەتكە ئوچ.

دەزى باشلىق ئورنى ئۈستۈن تونۇمايدۇ بىرمۇ خەت،
ياخشى كىيىپ چاچنى مايلاپ مەي ئىچەر سولەتكە ئوچ.

كىمكى بىلسە مەرىپەتنى شىللىدىن ئۇنى باسار،
بىلىمىگەچ ئۇ مەرىپەتنى ئىلىم ـ پەن سەنئەتكە ئوچ.

بولدى ھەركەت قاتمۇ ـ قاتلاپ چىقتى دوتلەر سەھنىگە،
شۇ تۇپەيلى بولدى خەلقىم يۇرىكىدىن ھەركەتكە ئوچ.

مەقسىدى ئۇ، دوت جاناپىنىڭ ئىشلىمەي يەسە يېتىپ،
خەلق ئۇچۇن ئىشلەش ئېغىر دەپ كوڭلىدىن خىزمەتكە ئوچ.

ئىشلە دوستۇم، ئويلا دوستۇم مىللىتىڭ تەقدىرىنى،
بولمىغىن ئەمگەككە ئوچ، رىغبەتكە ئوچ جۇرئەتكە ئوچ.

ئىمىر ھېزىم ئېيتتى كوڭۇل سىردىنى دون① ئەھلىگە،
ئوت قويارمەن كىمكى بولسا نەسلىدىن مىللەتكە ئوچ.

1981 ـ يىل ئاۋغۇست

## بولۇر

مەرىپەتتىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنىڭ،
ئىككى كوزى ئوچۇق تۇرۇپ ئەما بولۇر.
ئىلىم ئوقۇپ ھەر تەرەپتىن بىلىم ئالغان،
ئەل يۇرت ئۇچۇن سۇ بەرگۈچى دەريا بولۇر.

① دۇنيا مەنىسىدە

www.uyghurkitap.com

ئىلىم ئىزلەر مەرىپەتنى سۆيگەن كىشى،
جاندىن كېچەر پەن ئىشقىدا كويگەن كىشى.
نۇرغا تولۇپ پەن ئەھلىنىڭ ئىچى-تېشى،
يېڭى ئىجات مەرىپەتتىن بەرپا بولۇر.

بىلىم ئەھلى مەرىپەتتىن ئىشىك ئاچار،
بىلىملىكلەر ئايدىن ئېشىپ مارسقا ئۇچار،
بىلىملىكتىن شۇم جاھالەت يىراق قاچار،
بىلىملىككە جەننەت ئۆزى ئاشنا بولۇر.

ئاقىل بولساڭ ئۆمرۈڭ بويى بىلىم ئىزلە،
جىلمىگەننى ئۆگەن ئەلگە بىلىپ سوزلە.
جاپا چېكىپ خەلقىڭ ئۈچۈن بەخت كوزلە،
ئىنسان دېگەن ھور بەختكە تەشنا بولۇر.

ئوقۇ - ئوقۇت بالىلىرىڭنى بىلىم ئالسۇن،
ئالىم بولۇپ ئالى مۇقام ئورۇن ئالسۇن،
مەرىپەتتىن مەدىنيەتكە ئاساس سالسۇن،
مۇشۇ خىسلەت بارچىسىدىن ئەلا بولۇر.

ئىلىم ئوقۇپ ئىگە بولسۇن ماھارەتكە،
باشلاپ ماڭسۇن بۇ ۋەتەننى سائادەتكە،
ھەممە ئوقۇپ جاي قالمىسۇن جاھالەتكە،
شۇندا بىزگە مەڭگۇ بەخت ھەمرا بولۇر.

ئوقۇغانلار كورەلەيدۇ ئەڭ يېراقنى،
ئوقۇمىغانلار پەرق ئېتەلمەس نۇر چىراقنى.
ئىلىم،تارىخ ئوقۇپ ئاندىن ئال ساۋاقنى،
ئوقۇپ بىلىم ئالغان كىشىدەنا بولۇر.

بىلىم ئالماي ئوغۇل - قىزنىڭ دەرت تارتمىسۇن،
خەققە ئىشلەپ ژۇندە توكۇپ جان باقمىسۇن،
كۈن ئالالماي ئوز بەختىگە ئوت ياقمىسۇن،
مۇنداق كۈندە ئوتكەن ئومۇر زايا بولۇر.

بىلگەنلەرنىڭ تۇرمۇشىدا جەبرى بولماس،
بىلمىگەننىڭ ئەل ئىچىدە قەدرى بولماس.
يول تاپالماي قىلغان ئىشى توغرا بولماس،
بىلمەسلىكتىن ھەر كۈن ئىشى غەۋغا بولۇر.

مەكتەپ كورمەي،بىلىم ئالماي يۈرگەن كىشى،
مۇشەققەتتىن قۇتۇلمىغاي يازۇ-قىشى،
لەززەت كورمەي بۇ دۇنيادىن كېتەر بېشى،
ئوقۇماسلىق شۇنچە قاتتىق گۇنا بولۇر.

ئاز ئوقۇدۇم كوپلا ئىشنى قىلالمىدىم،
قىلاي دىدىم ئىش ئىپىنى بىلەلمىدىم.
بىلمەيدىغان بۇ ئەيىۋىمنى يۇيالمىدىم،
بۇ دەردىمگە قايسى تىۋىپ داۋا بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمىر ھېزىم ئاز ئوقۇدۇڭ بىلگىنىڭ ئاز
شۇ سەۋەپتىن غەمدە ئۆتتىڭ كۆلگىنىڭ ئاز
باشقىلارغا ساۋاق بولسۇن پۇشمانىنى ياز
ئوقۇمىغان قەلبى سەندەك يارا بولۇر.

## خوشامەتنىڭ سىرى

توۋا دەيمەن خوشامەت دىگەن،
ئادەم بالىسىغا قوش كېزەكمۇ؟ ـ يوق.
ئانداق بولمىسا بەزى ئادەملەر،
بۇ خوشامەتكە نىمىشقا ئامراق.

تاڭ بىلمىدىم بەزى ئادەملەر،
بۇ خوشامەتكە بېرىلگەن شۇنداق.
ياكى ئۇنى خوشامەت قىل دەپ،
بىر كىم ئۇرمىسا بېشىغا تاياق.

ھەي بۇنىڭدىمۇ بىر سەۋەپ باردۇر،
ياغ قۇيۇلمىسا يورىماس چىراق.
خۇددى شۇنداقلا ئوت قالىمىسا،
قوساق ئاچىدۇ پىشمايدۇ تاماق.

بۇمۇ ئەزەلدىن كىشىگە يولۇنۇپ،
تۇرمۇش كوچۇرۇش بولىدۇ بىراق.
بۇنداق تۇرمۇشنىڭ پۇرىغى سېسىق،
كورۇنۇشى سەت،تەپتى بەك سوغاق.

ئويلاپ بېقىشچۇ بولمايدۇ ھەرگىز ،
پۇخراغا ـ پۇخرا خوشامەت قىلماق .
پەقەت باشلىقتا بولۇپ تەخسىكەش ،
ۋىجدانىنى سېتىپ ئوبدان كۆن ئالماق .

بەزىلەر تېخى يۈندا توكىدۇ،
كۆلىنى ئېلىپ سۇۋايدۇ ئوچاق .
بەزىلەر تېخى باشلىقتا سادىق ،
ئاددى پۇخراغا سالىدۇ پىچاق .

ئوز ۋىجدانىنى قارىلىغىچە ،
ئوتسە بولمامدۇ دىلىنى تۇتۇپ ئاق .
خوشامەت قىلماي قوساق تويمايدۇ ،
بۇغداي يىمىسەڭ يىسەڭمۇ قوناق .

ھەي بۇ جاھان شۇنداق بولماقتا ،
باشلىققا يېقىن تۇرغان ياخشىراق .
چومۇچ باشلىقنىڭ قولىدا تۇرسا ،
ئوبدان تولىدۇ بىزلەرنىڭ تاۋاق .

ئالته بالام بار،چوڭ ئوغلۇم دۇيجاڭ .
ئۇنىڭ ئىشلىرى باشلىققا ياراق .
چوڭ قىزىم دادۇي ماگىزىنىدا ،
توشۇيدۇ ھەر كۈن باشلىققا هاراق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغلى ئادرېسى

ئاندىن كىچىكى دۆيدە ئامبارچى ،
ئۇنىڭ قولىدا بوغداي ، ياغ ، قوناق .
مۇشۇ ھەممىسى پايدا ئەمەسمۇ ،
پۇل تەگمىسە ئاچمىسا قوساق .

ئاندىن كىچىكى ئوقۇشقا ماڭدى ،
شۇجى بىلەن مەن بولغاچقا ئىناق .
باشلىق دېگەنگە ھەپتىدە ئىككى ،
ئۆيىمىزدە بار پولۇ يا قۇيماق .

ئۆيىمىزدە بار ئىككى كىچىكى ،
ئۇنىمۇ كىيىن قىلىمىز شۇنداق .
ئويلاپ باقىڭلا خوشامەت دېگەن ،
پايدىمۇ ياكى زىيانمۇ قانداق ؟

ھەي خۇشامەتكوي سېنىڭ بۇ ئىشىڭ ،
بولىدۇ ئاخىر پۇتۇڭغا چوماق .
شۇجى دۈم چۈشۈپ سەنمۇ قۇسسەن ،
يىگەن ـ ئىچكىنىڭ بۇرنۇڭدىن بۇلاق .

ئىمىر ھېزىم سەن قىلما خوشامەت ،
خوشامەت دېگەن ئىپلاس ھەم قالاق .
خوشامەت قىلىپ يىگەن ھەسەلدىن ،
ساداقەت ئۈچۈن زەھەر ياخشىراق .

# ياخشى

بۇ دۇنياغا تۇرەلدىڭ سەن ھاياتقا ساپ ھاۋا ياخشى،
سېنى بېقىپ يېتىلدۈرگەن ئاتا بىرلە ئانا ياخشى.

ھاياتلىقنىڭ ئاساسىدۇر كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك،
كۆڭۈلنىڭ ئۇزۇغى شاتلىق شۇڭا بەزمە - ناۋا ياخشى.

ئەگەر ئەركىن ياشاي دېسەڭ ۋەتەننى جان تىكىپ قوغدا،
كىشىنىڭ زور بىناسىدىن ئۆزەڭنىڭ زەي كاما ياخشى.

ساۋاپلىق ياخشى سەنئەتتۇر شۇيۇلدا ئەلنى خۇش ئەتسەڭ،
خەلق ساڭا دېسە رەخمەت بۇ ئەپئالىڭ راسا ياخشى.

كىشىنى ئاغرىتىپ تاپقان تۈمەن مىليون ساۋاپلىقتىن،
كىشىلەر ياخشى دەپ بىلگەن ئاتالمىش بىر گۇنا ياخشى.

نادانلار سەن ئۈچۈن كۈلسە ئىشىڭنى مەسخىرە ئەيلەپ،
دېگىن ئاڭا بۇ ئىشلارىم ئۆزەمگە ئىنتىها ياخشى.

كىشى جىم - جىت ئۆمۈر سۈرسە ئۇنى سەن ياخشى دەپ بىلمە،
ھوسۇل يوق تېچ قىياپەتتىن ھوسۇللۇق ماجىرا ياخشى.

مۇناپىقلىق جىنايەتتۇر ئۇنى كۆچۈرمىگەي ۋىجدان،
مۇناپىقلىق تىرىكلىكتىن ئۆلۈممۇ مىڭ ھازا ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشى ئۆز مەيلىچە كېلىپ بېشىڭنى بىر سىلاپ قويسا ،
ئۇنىڭغا ئالدىنىپ دىمە رەھىمدىل ئىنتىھا ياخشى.

كىشى ئۆچۈن ئۇلۇغ ئىشتۇر ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمەك ،
ئۆزىنىڭ قەدرىنى ساقلاش ئەزەلدىن مۇددىئا ياخشى .

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كۆڭۈل بەرمە چىرايلىققا ،
ۋاپا سىز مىڭ چىرايلىقتىن ۋاپادار بىر گاچا ياخشى .

قېرىنداشتىن كۆڭۈل ئۈزمە ئەگەر ئۇ ناتاۋان بولسا ،
ساڭا بىگانە باي دوستتىن قېرىنداشىڭ گادا ياخشى .

ئايا ساقى قەدەھ كەلتۈر كۆڭۈلدىن غەم يىراقلاشسۇن ،
كۆڭۈل غەمدىن نىجات تاپسا بولۇر چۈن بارىگا ياخشى .

ئىمىر ھېزىم دىدى دوستۇم توكۈپ قان - تەر ئىجات قىلغىن،
ئۆزى كەلگەن گوھەر تاجدىن ئۆزەڭ تاپقان كۆلا ياخشى .

1980 - يىل ئۆيا بىر، كۇچار



سالى ئىبراھىم

# سىناپباق

نېمانچىلا قارايسەن دوستۇم،
كۆرۈندۈمۇ كۆزۈڭگە ئاشقا.
مەيلى قانچە زاڭلىق قىلساڭمۇ،
كەلگىنىم راس ئوما ئورۇشقا.

«قەلەم تۇتۇپ ئۆگەنگەن ئادەم
ئورالامدۇ؟ ئومىنى» — دەمسەن.
سول تارتقاندا چوشۇپ بەيگىگە،
ئورغىنىمنى شۇندا كۆرەرسەن.

ئىدارىگە كىرسەم كادىرمەن،
ئېتىزلىقتا بارغاندا دېخان.
زاۋۇتلارغا بارسام ئىشچىمەن،
ھەممە ئىشتا شۇنداق چېنىققان.

ھەر كۆرەشتە پولاتتەك تاۋلاپ،
ئۇستۇرمەكتە پارتىيەم مېنى.
ئىشەنمەسەڭ سىناپ كۆرۈپباق
ئوغاق ئېلىپ كەلمەمسەن قېنى.

1959 - يىل ئىيۇل، كەلپىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

## ئۆمرۈم ئىستىگى

«شائىر» دەمسەن دوستۇم سەن مېنى،
بۇ كېپىنىگە قايىل ئەمەسمەن.
قۇرۇق شائىر تاجىنى اكىيىش —
ئارزۇسىدا مايىل ئەمەسمەن.

لېكىن شۇنداق يۈكسەك بىر ئىستەك،
ئورۇن ئالغان قەلبىم قېتىدىن.
ئوتلۇق تۇيغۇ بىلەن سۇغۇرۇپ،
دەستە گۈللەر تەرسەم شېئىر بېغىدىن.

يوراپ ئۇنى ھەممىلەر شۇ چاغ،
دېسە ماڭا: «ئاپىرىن شائىر».
ھەل بولاتتى ئۆمرۈم ئىستىگى
بولالىسام شۇ ئىشقا قادىر.

1957 - يىل ماي، كەلپىن

## تاغ بۇلاقلىرى

ھەرۋايىت ئۈنچىلەر چاچرىتىپ ھەريان،
يۈرتاندەك ئوخشۇيسەن تاغ بۇلاقلىرى.
بويۇڭدا جۇر بولۇپ شاۋقۇنلىرىڭغا،
يايراپدۇ بەختىنىڭ كويى - قوشاقلىرى.

ئاقىدۇ سۇلىرىڭ سۇيۇپ تاشلارنى،
لەئلىرەڭ هوسنۇڭگە تويماي قارايمەن-
بەختىيار هاياتىڭ پەيزىنى سۈرۈپ،
قىشىڭدا بولبۇلدەك خۇشال سايرايمەن.

ئېيتقىنا، ئەي سوزۇك تاغ بۇلاقلىرى،
ئېيتقىنا، ئۇمرۇڭدە كورگەنلىرىڭنى.
ئېيتقىنا بويۇڭدا زۇلۇم دەستىدە،
يوقسىزلار كوز يېشىن توككەنلىرىنى.

خوش چىقىپ بۇلۇقلاپ يەرنىڭ تەكتىدىن-
ئاڭلايتىڭ پىغانلىق ئاهۇ- پەرياتنى.
كورەتتىڭ ئەمگەكچى يوقسۇل بېشىدا،
قانلارغا بويالغان قامچا تاياقنى.

تاغ يېرىپ، تاش قىزىپ، ئوستەڭلەر چېپىپ-
ئىپ كەلسە دىخانلار سېنى مەھەللىگە.
ئىلكىگە ئالاتتى مىراپلار، بايلار،
بىر يۇتۇم بەرمەستىن ئەمگەك ئەھلىگە-

ئاقاتتىڭ يالماۋۇز بەگلەر قارنىغا،
زەررىچە تامچاڭغا دىخان زار ئىدى.
ئىشرەتتە ياشاتتى بەگلەر بەهوزۇر،
سەن ئۇچۇن تەرتوككەن خەلقىم زار ئىدى-

..................................

بۈگۈن مەن كۆرىمەن پارلاق ھاياتىمنىڭ-
پەيزىنى، يامرىغان دولقۇنلىرىڭدا.
ئاڭلايمەن خەلقىمنىڭ بەخت كۈيىنى،
تاغلارنى ئويغاتقان شاۋقۇنلىرىڭدا.

ئاقىسەن ئەمدى سەن شوخلۇنۇپ راۋان،
بۇلبۇللار سايرىغان گۈلباغلار ئارا.
شەرۋىتىڭ قاندۇرغاچ تەشنا لەۋلىرى،
ياپ - يېشىل باراخسان بولدى كەڭ دالا.

قۇياشتەك پارلىغان ئىقبال مەنزىلى،
سۆيۈگىنىڭ ئوپقۇنلۇق مەۋجىدە ئايان.
سەن بىلەن ياشنىغان، سەن بىلەن كۈلگەن،
بەختلەر ۋادىسى بۈگۈن بىپايان.

× × ×

مەرۋايىت ئۈنچىلەر چاچرىتىپ ھەريان،
ئوخچىغىن يەنمۇ تاغ بۇلاقلىرى.
بويۇڭدا جۇر بولۇپ شاۋقۇنلىرىڭغا،
ياڭراسۇن بەختىمنىڭ كۈي - قوشاقلىرى!

1980 - يىل فېۋرال، كەلپىن

# قەلب غۇرۇرى

شەرەپشان كوكىدە ئۇچتۇم بىقىپ خانتەڭرى - تارىمغا،
گۈزەللىك شاھى - سۇلتانى ئانا تۇپراق دىيارىمغا.

ئۇنىڭ چىمدىم توپاسى مەن ئۇچۇن بىر تۇتىيا تۇرسا،
نىچۈك مەن مەھلىيا بولماي ئۇنىڭدەك گۈل ئۇزارىمغا.

غۇرۇرۇم پۇشتى بولماقلىق نەفىسە① ھەمدە مەھمۇتنىڭ②
جاھان قايىل داۋان، شىرىن ئانا تىل ھەم مۇقامىمغا.

ئەگەر ئىشتىسە تامام بىھۇش بولۇر مەسلىكتە بۇلبۇلمۇ،
سادا چىقسا تىگىپ قوللار قالۇن، تەمبور، ساتارىمغا.

بۇنىڭدىن ھېچ ئەمەس ئوزگە بىھىش-جەننەت ئاتالغان جاي-
ئۇزار ئومرۇڭ تىلىڭ تەگسە قوغۇن، نەشپۇت، ئانارىمغا.

قەدىم ئەل بىز پاراسەتلىك بۇڭا شاھىت تۇمەن ئالىم،
كېلىپ-كەتكەن تاۋاپ ئەيلەپ بوۋام ياتقان مازارىمغا.

قەدىرلىكلەر قاتارىدىن ئورۇن بەردى پۈتۈن ئالەم،
فارابى③، لۇتپى④، سەككاكى⑤، زەلىلى⑥......ھەم نازارىمغا⑦.

---

① ئامانىساخان ② مەھمۇت قەشقەرى ③ مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ④ ⑤ ⑥
⑦ ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۇلسەم بۇ ئەلنى دەپ كۆرەش جەڭدە پىدا قىپ جان،
كامال تاپقان كۆڭلۈم شۇلدۇر يىتىپ مەقسەتمۇرادىمغا.

پۈتۈن جىسمىم بولۇپ ئاتەش ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆلخانىمەن،
قەلب رىشتىم چىگىلگەن چىڭ ئەشۇ دىلدار خۇمارىمغا.

جىنىمنىڭ راھىتىدۇر بال سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچمەك،
قوشار ئابى ھاۋاسى كۆچ،مىنىڭغەيرەت مادارىمغا.

رازىدۇرمەن تورەلگەنگە بولۇپ پەرزەنتى شۇ ئەلنىڭ،
شۇڭا تارلىق قىلار ئالەم غۇرۇرۇم ئىپتىخارىمغا.

ئۇنى كۆللەش ئۇچۇن قان، تەر توكۈشكە دىلدا ئەھدىم بار،
ساداقەتمەن ھامان دىلدىن ئەشۇ ئوتلۇق قارارىمغا.

1980 ـ يىل نويابىر، كەلپىن

## ۋەتەنگە مۇھەببەت

مۇقەددەس جان ئانا تۇپراق مىنىڭ قۇتلۇق دىيارىمسەن،
كوزۇمگە سۇرتسەم دائىم شىپالىق تۇتىيارىمسەن.

تۇغۇلدۇم سەندە چوڭ بولدۇم ئىچىپ شەرۋەت سۇيۇڭدىنمەن،
دىلىمنى مەھلىيا قىلغان سۇيۇملۇك گۇل نىگارىمسەن.

سېنىڭدىن ھەر نەپەس ئالسام دىلىم ياشنايدۇ شاتلىقتا،
دىماغىمغا كىرىپ تۇرغان ئىپاردەك خۇش پۇراغىمسەن.

بولۇپ ئالتۇن بوشۇك ماڭا ئوراپ مېھرى يۈرەكىڭگە،
شىرىن ئەللەي ئېيتىپ باققان ئانامسەن، مېھرىبانىمسەن.

سېنىڭدە ھەممە پەسىلنى سىزەر مەن بى پەرق ئوخشاش،
بەخت، نۇسرەتكە لىق تولغان ھاياتلىق نەۋ باھارىمسەن.

چاڭىلداپ سايرىسام بۇلبۇل بولۇپ ئىشقىڭدا ھەر دائىم،
تۈگىمەس كۈيلىرىم ئەسلا شىرىن ئىلھام بۇلاغىمسەن.

ساڭا شەيدا دىلىم رىشتى ئۈچۈن كەۋسەر سۈيى بولۇپ،
گويا دەريا كەبى دولقۇن بولۇپ يامراپ ئاقارىمسەن.

" ۋەتەن " دېسەم تىلىم تاتلىق بولۇر ھەسەل يىگەندىمۇ،
يۈرەككە ھوزۇر بەخش ئېتەر بىبەھى ئانارىمسەن.

دىگەر ھەر چاغ نەزىم پۈتسەم ئۆزەڭسەن بىباھا مەزمۇن،
نەزىمدىن باغ ياسار بولسام زەپەردەس ئۈز چىنارىمسەن.

سېنى قوغدايدىغان ياۋدىن باھادىر جەڭچى ئوغلۇڭمەن،
ھاياتىم جەۋھىرى، پەخرى يۈرەگىم، كۆز قاراغىمسەن.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيىكلى
www.uyghurkitap.com

مىگەر ھەقلىق ئۇچۇن جەڭدە بولۇپ قۇربان جىنىم بەرسەم،
تىزىپ گۈلدەستە قەۋرەمگە مېنى يادلاپ قويارىمسەن.

ئىزىز تۇپراق، لىزىز تۇپراق،پىقىرغا گۈل بىھىش تۇپراق،
پۈتۈن شائىلىق ھاياتىمنى قىلىپ تەقدىم تۇتىيارىمسەن.

1981 - يىل 19 - دېكابىر

## قار

ئۈيقىدىنمەن ئويغۇنۇپ سەھەر،
سىرتقا باقسام ئىچىپ دېرىزە؛
كوزلىرىمگە كورۈندى شۇئان،
سۈتتەك ئاپپاق گۈزەل مەنزىرە.

ئاپرىل ئىيى چىغىدەك ئۈرۈك—
پۈركۈلۈپتۇ ئاپپاق چىچەككە.
شۇتاپ كورۈپ بۇ گۈزەللىكنى،
تولدى دىلىم قايناق ھەۋەسكە.

ئۇزاق قاراپ بىلدىمكى كېيىن،
قار يىغىپتۇ لەپىلدەپ كېچە.
ئاق لىباسقا ئورۇلۇپ زېمىن،
ياسىنىپتۇ شۇئانباشقىچە.

ئوخشاپ قاپتۇ مويسىپىت تاغلار
پەسكە چۈشكەن ئاپپاق بۇلۇتقا.
قار لەيلىسى ھوسۇن قوشۇپتۇ،
قىزىل شەپەق بىلەن ئۇپۇققا.

قار يېغىپتۇ، بەركەت يېغىپتۇ،
مول ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ.
كۆكلەم پەسلى مايسىلار ساغلام،
ئۇنەر قاردىن سۇ ئىچىپ قېنىپ.

تەبىئەتنىڭ كۆركى بولغىدەك،
ھەر پەسىلنىڭ گۈزەللىكى بار.
قىش پەسىلنىڭ زىننىتى ئىرۇر،
كۆك ئاسماندىن ياققان ئاپپاق قار.

1981 - يىل نويابىر

## ئامرىغىمغا

چىللايسەن پات ـ پاتلا باغچىغا مېنى،
نىشانلىق ئورۇن ۋە ۋاقىت بەلگىلەپ.
سۆزلەيسەن بىر ھازا سۆيگۈ ھەققىدە،
كېپىكنى تۈگەتمەي شۇنچە ئەزمىلەپ.

زېرىكتىم مەن سىز قۇرۇق گېپىڭدىن،
ھاياتقا قارىشىڭ نىمانچە پۇچەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ قۇرۇق سۆيگۈنى سوزلەش بىلەنلا،
ئىستىقبال غۇنچىسى ئاچامدۇ چېچەك؟

قارىغىن چوڭ سەپەر كارۋانىغا سەن،
قالدۇققۇ بىز بۆگزىن چاغلار ئىچىدە.
ئويلايلى كوپ ۋاقىت ئەل ۋەتەن ئۈچۈن،
ئۇلۇغۋار ئىشلارغا باغلاپ ئەقىدە.

قوشۇلسا سۆيگۈگە ئەلنىڭ تەقدىرى،
نىسپەتۇر ھاياتقا ئۇنىڭ شەرۋىتى.
ۋەتەندىن ئايرىلغان سۆيگۇ ئىشقىنىڭ،
ئېيتقىنا بولامدۇ قىلچە لەززىتى.

1980 - يىل نويابىر

## ئۇيغۇر ئۇسۇلى

(ئابدۇللا قاسىمنىڭ فوتو سۈرىتىگە قاراپ)

كورۈڭ دوستلار نازاكەتلىك نەفىس ئۇيغۇر ئۇسۇلى بۇ،
ھاياتلىققا زىننۇ - زىننەت، ئارامى دىل ھوزۇرى بۇ

ئۇلۇق خىسلەتكە باي ئەجدات مىراس، بەخشەندىسى بىزگە،
پاراسەتلىك قەدىم ئەلنىڭ مۇقەددەس شان غورۇرى بۇ.

ئىجادى بىرلە تارىخىنىڭ تۆمەن بېتىگە زەر باغلاپ،
جاھان سەنئىتىدە توھپە ياراتقانلىق ئۈچۈرى بۇ.

«راۋاج تاپمايدىغان مىللەت» دىگەنلەرنىڭ تىلى كويسۇن،
بۈيۈك يۈكسەك ماھارەتكە، ئىگە مىللەت دېلىلى بۇ.

تازۇك ھەركەت بىلەن دىلدا شېرىن ھىسلەرنى ئويغاتماق،
تەپەككۇر ئەھلىنىڭ ئوتكۇر ئېقىل-ئىدرەك زېھنى بۇ.

كىچىكتىن چوڭى سەنئەتكار ئۇسۇل خۇمارى ئۇيغۇرنىڭ،
تىگىشمەس تەختىگە شاھلىق ئېسىل بايلىق گوھىرى بۇ.

1981 - يىل ئۆكتەبىر

## ئامانىساخانغا

(غازى ئەمەت سىزغان «مۇقام ئالىمى ئامانىساخان» دىگەن
رەسىمگە قاراپ)

تەبەسسۇم چېھرىڭىز كوركەم مۇبارەك ئاينى لال قىلدى،
تەپەككۇر ئەقلى - زېھنىڭىز مۇقامنى دىلغا يار قىلدى.

ساتارغا باپ سېلىنغاچقا قىلىپ جان رىشتىڭىز تارى،
ئۇنىڭدىن خوش ناۋا ئۇرغۇپ كوڭۇلنى مەھلىيا قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىلىنغاندا مۇقاملار شوخ، لېۋەن مەرغۇللىرى بىرلە،
قويۇپ ھەرياندا بولغى بىھۇش ھەم بىناۋا قىلدى.

ئۇلۇق ئىنسانى روھىڭىز، يېقىملىق نەزمە ـ كۈيىڭىز،
مەرىپەت شاھىغا سىزنى رەپىقا ـ دىلرابا قىلدى.

بۈيۈك ئىجادىڭىز بىرگۈل بولۇپ مەڭزىدە تارىخنىڭ،
پۈتۈن ئالەم ئارا مىللەت ئۈچۈن شوھرەت ئاتا قىلدى.

1981 ـ يىل كەلپىن

## لۇتۇنغا

سېنى قايىنامىدىكى ئوركەش دىسە بولمايدىغان كىم بار،
لۇتۇن ئىسمىڭ ئاتالغاندا ئۇلۇق تىنمايدىغان كىم بار.

تورەلگەچ سەن قارا زۇلمەت ھوكۇم سۈرگەن غەرىپ ئەلدە،
شۇڭا تاڭ ئىنتىزارى دەپ سېنى ئېيتمايدىغان كىم بار.

كۆرەشتىنىڭ قارشى ياۋلارغا بولۇپ قەيسەر كەبى ئارسلان،
سېنى مىللەت غۇرۇرى دەپ پەخىرلەنمەيدىغان كىم بار.

ئولۇم ئالدىدا كورسەتتىڭ ئەجەپ مەردانە خىسلەتنى،
ۋەتەن قۇربانلىرى ئىچرە سېنى كورمەيدىغان كىم بار.

× × ×

يىراق يوقسەن بۈگۈن ئەپسۇس سېپىمىزدە ھايات بىرلە،
لېكىن مىليونلىغان خەلقىم يۈرەك-دىل قەلبىدە سەن بار.

جاراڭلايدۇ سېنىڭ ناخشاڭ ۋەتەننىڭ كۆكىدە مەڭگۈ،
ۋەتەنگە مەدھىيە ئالقىش ئوقۇلغان سەھنىدە سەن بار.

مەرىپەت بابىدىن ھەر چاغ مۇبادا سۆز ئېچىلغاندا،
ئېلىمدىن نۇر چېچىپ تۇرغان كىتاپىنىڭ بېتىدە سەن بار.

يىگىت، قىز تويى مەشرەپتە، كۆڭۈللۈك بەزمە سوھبەتتە،
ئوقۇلغان شېئىر، قوشاقلار ھەم بېيىتلەر ئىچىدە سەن بار.

ئوماغىمنى ئېلىپ بىللە بېغىمغا سەيلىگە كىرسەم،
بولۇپ بۇلبۇل ئورۇپ خەندان قىزىل گۈل بەرگىدە سەن بار.

تەزىم تىزماق بولۇپ شائىر قەلەمنى قولغا ئالغاندا،
ئۇنىڭ ئىلھامىغا ئىلھام قوشۇپ شېئىر ۋەزنىدە سەن بار.

بەختلىك، ھور، ئازات دىخان ئېتىزدا ئىشلىگەن چاغدا،
زەپەر دەست ئۈز، سىما بىلەن ئۇنىڭ پاك كۆڭلىدە سەن بار.

جىمى خەلقىم بۈگۈن سېنى سېغىنىپ دىلدىن ئەسلەيدۇ،
زامان تۇلپارلىرى چاپقان مۇقەددەس بەيگىدە سەن بار.

1981 - يىل مارت، ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مەن ۋە ياپراق

كۆز كېلىپ ياپراقلار سارغىيىپ،
چۈشۈپتۇ بەرگىدىن ئايرىلىپ.
قىش ئۆتۈپ نەۋ باھار كەلگىچە،
ئۆتىدۇ دەل- دەرەخ زارلىنىپ.

ۋەتىنىم مۇقەددەس چىنارىم،
شېخىدا مەنمۇ ھەم بىر ياپراق.
زامانىم ئۆمۈرلۈك باھارىم!
ئۆتۈدۇ ھاياتىم شات، پارلاق.

1981 - يىل نويابىر، كەلپىن

## تيانشانغا

تيانشان شۈنچە بۇ يۈكسەن نېمچۈن؟
ياپ - يېشىل، كوركەم تۇرارسەن يىل بويى.
تارىخنى ئوقۇسام: ھەمرا ئىكەن،
ئۇز، گۈزەللىك سەن يارالغاندىن بىرى.

سېنى ئۇز قىلغان ئىكەن قارغايلىرىڭ،
ئۇ چىداپ كەلگەچ شىۋىرغان قەھرىگە.
ئەمدى بىلدىم تۇرغىنىڭنى ياپ - يېشىل،
يەتمىگەن چاغلاردىمۇ گۈل پەسلىگە.

بوپ كېتەرسەن يەنە قانچە ئۈز، گۈزەل،
ئەمدى يار بولغاچ ساڭا كۆكلەم باھار.
بولغىنىمچۇن مەنمۇ سېنىڭ قارغىيىڭ،
سىز دىمەن ئۈزەمنى شۇنچە بەختىيار.

1982 - يىل 28-ئوكتەبىر، كۇچا.

## كۇچار تەسراتلىرى

كۇچار كەلدىم قۇچاغىڭغا بىرىپ ئوتلۇق سالامىمنى،
سالام بىرلە قىلاي تەقدىم ساڭا نەزمە كالامىمنى.

ئۇزاقتىن زارىقىپ تەشنا ئىدىم ھۆسنۈڭنى كۆرمەككە،
بۈيۈك نامىڭ جەلپ ئەتكەچ مېنىڭ دىل ئىختىيارىمنى.

ساڭا بەكمۇ ياراشىپتۇ ئۇرۇكلۇك لالىزار باغلار،
سۆيۈندۈممەن كۆرۈپ پارلاق ھاياتلىق نەۋباھارىڭنى.

ئەمەستۇر لاپ رىۋايەتلەردىكى جەننەتكە ئوخشاتسام،
نازۇ - نېمەتلىرى ئەلۋەك باياشاتلىق بازارىڭنى.

تەئەججۇپ ئىلكىدە بىرلە كۆرۈپ لال بولمىغان كىم بار،
نەفىس سەنئەتكە باي مىڭ ئۆي قەدىمى يادىكارىڭنى.

ئەزەلدىن سەيلىگاھ بولغان جاھان سەييالىرىغا سەن،
شۇڭا ماختار پۈتۈن ئالەم ئۇسۇل، ناخشا، دۇتارىڭنى.

خېرىداردۇر جىمى ئىنسان ئېلىپ كۆزگە سۈرتمەككە،
گويا بەرقۇت كەبى كۆرپەڭ غورۇرۇڭ، ئىپتىخارىڭنى.

مەسالى قىزلىرىڭ شېرىن، يىگىتلىرىڭ ئىكەن پەرھات،
گوياكى زەرۇ - دۇربىرلە بېزەپتۇ كەگرى باغرىڭنى.

تۇرۇپمەن ھەپتىدەك سەندە قىلىپ سەيلى قۇچاغىڭدا،
تۇمەن بۇلبۇل ناۋاسىدىن چىقاردىم دىل خۇمارىمنى.

تىزىپ نەزمە سېنى ماختاپ نىچۈك كۆي قاتمىسۇن سالى،
كۆرۈپ تۇرسا ھاۋاسى خوش پۇراقلىق گۈل چىرايىڭنى.

1981 - يىل دېكابىر، كۇچار

## توي شاتلىغى

ۋەتىنىم مۇبارەك تويۇڭنى
تەبرىكلەپ دەستىگۈل تىزىمەن
سوغۇتۇم باپكەلسە تويۇڭغا
ئۆزەمنى بەختىيار سېزىمەن.

چۈنكى مەن تۇغۇلۇپ سېنىڭدە،
ئوت يۈرەك جەڭچى بوپ يېتىلدىم.
ھەق ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇچى،
مەردانىلار سېپىگە قېتىلدىم.



www.uyghurkitap.com

تورەلمەس ئىدىممەن ئىنسان بوپ-
سەن ئەگەر بولمىساڭ دۇنيادا!
شاتلىنىپ بۇنچە خوش كۈلمەستىم،
سەنمۇ ھەم كۈلمىسەڭ مۇبادا.

شۇڭلاشقا ۋەتىنىم تويۇڭنى
مەنمۇ ھەم تويۇم دەپ بىلىمەن
سەندىكى ھەر مىنۇت چېغىمدا
ئالەمچە شاتلىق ھېس قىلىمەن.

تويۇڭنى تەبرىكلەپ شېئىرىمدىن
گۈل تىزىپ كوكسۇڭگە تاقايمەن،
كوز قىلىپ جىمىكى جىسمىمنى
تويماستىن ھوسنۇڭگە باقايمەن.

1982 - يىل سىنتەبىر، كەلپىنتە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن ياقۇپ

# غەزەللەر

## سۆيگۈنۈم تارىم قىزى

سۆيگۈنۈم تارىم قىزى، ئىشچان ئۆزى، تالماس بىلەك،
قەلبىدىن پونتان كەبى ئۇرغۇيدۇچىن ئارزۇ - تىلەك.

مىسلى بۇلبۇلدەك خۇشال سايرار ئېتىزدا تاڭ سەھەر،
كەشپىياتىنىڭ باغىدا تىنىماس پەقەت ئوتلۇق يۈرەك.

ئاتىغان بارلىقىنى ئەلگە، ۋەتەنگە ھەرزامان،
مەقسىدى ئالماق ھوسۇل ھەر يىلدا ئۇ ئاسمان پەلەك.

شوھرىتى داستان ئۇنىڭ گۈلشەن يېزامنىڭ قوينىدا،
ياقمىغاي ئەلنىڭ دىلىغا بولسا خەمەكسىز پىلەك.

تالىلىدىم شۇڭلاشقا چىن دىلدىن چەۋەر ئىشچاننى مەن،
چۈنكى، بۇ دەۋرىم ئۈچۈن تالماس بىلەك ئىشچان كېرەك-

## گۈلى رەنا

سەھەرتالڭ بۇلبۇلى رەنا ساڭا مەن مۇپتىلا بولدۇم،
سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتمەكچۈن بىلىمگە ئاشىنا بولدۇم.

شەرەپ قۇشىالڭ بولۇپ دۇلدۇل ئېتىمىز نىڭ باغرىدا ھەركۈن،
چىۋەر ئىشچانلىغىڭغا چىن يۈرەكتىن مەھلىيا بولدۇم.

سېنىڭ ئىشقىڭدا يانغاچقا بولۇپ قەلبىم گويا گۈلخان،
دىلىمدىن زوقلىنىپ ۋەسلىڭ ئۈچۈن بەك تەشنا بولدۇم.

دىسەم چېھرىڭ نىمانچە ئۈز گويا كى بىر تولۇن ئايدەك،
دىدىڭسەن: «ئەل ئۈچۈن كويكەچ قىزىل گۈلدىن زىبا بولدۇم»

شۇڭا دەيمەن ساڭا ئاپىرىن يېزامنىڭ بىر گۈلى رەنا،
ئەبەت ئۈرلە، بۈگۈن مەنمۇ ھورۇنلۇقتىن جۇدا بولدۇم.

## جەڭچى ئوغلۇمغا

بالام، بولدۇڭ بۈگۈن ئەسكەر، پەۋەس ئۇقلا قۇراللىڭنى،
بېغىشلا ھور ۋەتەن ـ ئەلگە، گۈزەل ياشلىق باھارىڭنى.

سېنى باقتى بىرىپ ئاق سۈت، ئانا يۇرتۇم، گۈلۈستانىم،
كۈرەشتە تاۋلىنىپ ھەردەم، ئاشۇرغىن كۈچ ـ مادارىڭنى.

سىنىڭ باشقان ئىزىڭ بىرلە، ئۆتۈقتىن گۈل-چىچەك ئۈنسۇن،
زەپەرنىڭ شەمىگە ياڭرات تۈزۈپ تەمبۇر-دۇتارىڭنى.

تېنىم تاپمايدۇ دۈشمەنلەر، ۋەتەنگە ئەيلىشىپ شۇملۇق.
گېزى كەلگەندە ئۇر ياۋغا، غەزەپلىك زۇلپىقارىڭنى.

جاپا - مۇشكۇل ئىگەپ باشنى كۆلەر جەڭدە گۈزەل بەختىڭ،
ئەگەر ئۇلسەڭ، ۋەتەن خەلقى ياپار گۈلگە مازارىڭنى.

ساڭا يازدى دادىڭ تۇرسۇن يۈرەكتىن بۇ سالام خەتنى،
ئېزىز بىل، قوغدىغىن مەڭگۇ ئانا تۇپراق دىيارىڭنى.

## كۆلدى دېخىنىم

كەلدى تومۇز پەيتىمۇ، بولدى زېمىن ئاتەش گويا،
( خۇددى جانانىنىڭ لىۋىدەك، تويۇلار ئوتقاش ھاۋا ).

ھەممە ياق بىر خىل چىرايلىق، كۆلكىدە يايراپ ئۇماق،
چاقنىتار كوزنى ئەجەپ، نېمەت بىلەن تولغان دالا.

مىسلى ئالتۇن رەڭگىنى ئالغان ئېتىزلاردا باشاق،
ناز بىلەن جىلۋە قىلىپ، ئوينار ھاياجاندا ساما.

بەلكى زۇمرەتتەك دېڭىزلار بوڭا ئەڭ باپ ئوخشىتىش،
ئۆزدى ئالتۇنلۇق دېڭىزدا، ئوت يۈرەك دېخان مانا.

کەتمىدى ئەجرى بىكار، قىلغان ئىشىدىن ئۈندى گۈل،
غەيرىتى ئاشتى پەلەكتىن دىخىنىم كۆلدى راسا.

مانا مەن بولدۇم خۇشاللىق پەيزىدىن بىھۇش بۈگۈن،
گۈللىگىن كۆلشەن يېزام، بولغىن قىزىل گۈلدىن زىبا.

## سەن بىلەن

مەن ئۆزەي مىسلى كاراپتەك، كەل نىگارىم سەن بىلەن،
كەڭ ئېتىز باغرىدا كۈلسۈن، تەندە جانىم سەن بىلەن.

باشلىرىنى تەۋرىتىپ تۇرغان سېرىق ئالتۇن باشاق،
قاخشىغا بولسۇنكى جور، ئەي مېھرىبانىم سەن بىلەن.

كەڭ ئېتىز بىزلەرگە سەھنە، ئۇندا شوخ بۇلبۇل بولۇپ،
بەختىمىزگە كۈي قاتاي، سايراپ جانانىم سەن بىلەن.

يۇرتىمىزنىڭ شوھرىتى كەتسۇن تاراپ ئىقلىم ئارا،
ئاشقۇسى مەندە ئەبەت، غەيرەت ـ مادارىم سەن بىلەن.

نەسلىمىز بولسا رىزا، بۇ توھپىمىزدىن ھەر قاچان،
بىر ئۇمۇر ياشناي چىۋەر، ئۆز غەمگۈزارىم سەن بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تاپمىدىم

سارغىيىپ « ئون يىل » ئىچىدە دىلغا دەرمان تاپمىدىم.
تار كىلىپ ئالەم بەختكە، قىلچە ئىمكان تاپمىدىم.

جۇت-تۇمان ئىچىدە كوزۇمدىن ئاقتى ياشىم قان بولۇپ،
يۇرت بۇ زار ئىپلاسلىدىن زەررىچە ئىمكان تاپمىدىم.

«ئىنقىلاپ» مىش، ياخشىلارنى جانىدىن قىلسا جۇدا،
نەۋ باھار پەسلىنى كۈتتۈم، ئارزۇ - ئارمان تاپمىدىم.

كىمكى باقسا ئىلمۇ - پەنگە ئىنتىلىپ شۇڭقار كەبى،
كەيدى قالپاق، يىدى توخماق، ئەدلى-بوستان تاپمىدىم.

گاڭگىراپ ئىيتتىم ئۇزەمگە، بولدى نىمە؟ بۇ زامان،
پارلىمان غايە تۇرۇپ، ئىجراغا پەرمان تاپمىدىم.

ئۇ رەزىل كۈنلەرنى قوي، سايرامى كەڭ ئەندى جاھان،
كى، دىگەيمەن: «ئەندى ھەرگىز زۇلمى-دەۋران تاپمىدىم».

## سايرا، بۇلبۇلۇم

سايرىغىن خەندان ئۇرۇپ، گۈلشەن ئارا شوخ بۇلبۇلۇم،
كەتتى كەلمەسكە زىمىستان، يوق ساڭا مۇدھىش زۇلۇم.

زەپ ئىپسىل كوركەم باھار كىپ، ياشنىدى باغلار كۈلۈپ،
مەن خۇشال سازىمنى چالدىم، ئاشتى كوكتىن مەرغۇلۇم.

ئون قارا قىش ئوتتى باشتىن، بۇپ تىلىم تەندىن جۇدا،
جىل باھار قەدرىنى دىلدىن، سايرىغىن كۆلىۈن گۈلۈم.

مەن بولاي سەپداش، يۇلەكچى، سەن غەزەل سايرات ئەبەت،
چۈنكى غەم زەررىچە يوق، چىن قۇرۇلغاچقا ھۈلۈم.

گۈل ھىدى قاپلاپ ۋەتەننى، قىلدى دىلنى مەھلىيا،
ئارزۇيۇڭ كۆلدى قاقاھلاپ، بولدى تەڭكەش ئۈسۈلۈم.

قوزغۇلار قەلبىمدە شاتلىق، نەگە باقسام گۈل-چىمەن،
ئىلمۇ-پەن ئىشقىدا ياپراپ، ماڭدى ئۇرلەپ دۇلدۇلۇم.

بارچە دىل ئۆزدى ساتادەت، بەھرىدە زەپ شوخلۇنۇپ،
سايرىغىن، قالسۇن جاھان تاڭ، شۇنچە داغدامدۇر يولۇم.

## ئەپسۇس

قوساق تويغانغا شۈكرى دەپ، ئوتتۇپتۇ ياشلىغىم ئەپسۇس،
تۇزۇپتۇ بىمەھەل باغدىن تېپىلماس گۈل چېغىم ئەپسۇس.

ئۇنى ئويلاپ يۇتارمەن قان، ئەلەمدىن تولغۇنۇپ ھەر چاغ،
ئۇچۇپ كەتتى قاياقلارغا، شۇ مەقسەت-ئارمىنىم ئەپسۇس.

نادانلىقتىن چېچىپ ھەريان ۋە خارلاپ شۇندا باغۇەننى،
كېتىپتۇ ئايلىنىپ چولگە، گۈزەل-كوركەم بېغىم ئەپسۇس.

ئەگەر تولدۇرمىسام تېزدىن شۇ ئۇن يىللىق بىكار ۋاختنى-
نىمە دەر كەلگۈسى ئەۋلات، نەسىل، دىلداشلىرىم ئەپسۇس.

كىمكى بولسا پۇشماندا، مېنىڭدەك بولمىسۇن ئاخىر،
بۇ تەندىن چىققىلى تۇردى، چىكىپ ھەسرەت جېنىم ئەپسۇس.

## مەيلىمنى ئالدىڭ بىر بېقىپ

ئەي كوڭۇلنىڭ ئوغرىسى مەيلىمنى ئالدىڭ بىر بېقىپ،
سۆيگۈ ئوتىنىڭ تەمىنى قالدىم شۇئاندا مەن تېتىپ.

قىلدى «جىغ» بۇ يۈرۈگۈم، ئازدى رېتىمدىن شۇ ھامان،
ھەمدە بولدۇم ئوت ئىچىدە مىسلى قالغاندەك يېتىپ.

چەشمىدەك قوي كوزلۇرۇڭدىن ئوخچىغان سۆيگۈ ئوتى،
تەگدى مىزگانىڭدا دەل، قالدى يۈرەگىمگە يېقىپ.

لال بولۇپ باقتىم شۇئان ئالدى يۈزۈم ئوت رەڭگىنى،
قىستىدى شاتلىق كوڭۇلنى، ئىشقىڭدا كەتتىم مەن ئېقىپ-

مەن دېدىم «ئويناشما قەتئى ئىشقى ئوت بىرلەن پەرى»
يا ئولۇپ كەتسۇنكى دەمسەن سۆيگۈ ئوقياسىن ئېتىپ.

سەن دېدىڭ «چاخچاق ئەمەس، ۋەسلىم تەئەللۇق سىزگىلا-
غايىمىز بىر بولسا، قويمايمەن ئەبەت ۋىژدان سېتىپ».

ئاستىلاپ باردىم قېشىڭغا سەن تەبەسسۇم ئەيلىدىڭ،
كوز بىلەن سوز باشلىدۇق چىڭ رىشتىمىزنى چىڭ چېتىپ.

زوڭزۇيۇپ كەشكى شەپەق مارايدۇ تاغنىڭ ئۈستىدە،
سايرىشار قۇشلار قاناتىن سوزۇپ، ئەركىن قېقىپ.

ئەركىلەپ ئاققان سۈزۈك سۇلار توقار بىزگە قوشاق،
ھەمدە تەستىقلايدۇ مەجنۇن تال ئېگىپ باش شوخ بېقىپ

ئەكسىمىز چاقنار ئېرىقتا بىر يېقىملىق تۇس بىلەن،
موكتى كۈن بولغاچ خىجىل، قايتتۇق كوڭۈلگە ئوت يېقىپ.

ساپ مۇھەببەت پەيزىنى سۈردۇم ئاجايىپ زوق بىلەن،
بىر ئومۇر بولماق ئۈچۈن يار، ئوز نىگارىمنى تېپىپ.

## ئاتا قىلساڭ

تەسەددۇق بارلىغىم دىلبەر، مەگەر سەن چىن ۋاپا قىلساڭ،
مۇھەببەت ۋەسلىگە يەتمەك ئۈچۈن جانىمنى پىدا قىلساڭ.

گويا شىرىن، سەنەم، لەيلى، زىلەيخادىن ئېلىپ ئەندىز،
ئىشىق ئەھلىگە چىن سادىق بولۇشنى باش-پانا قىلساڭ.

يامان ئىللەتنى يوقتۇرماي، يۈرەك قەلبىڭگە ھەر دائىم،
ئىسىل خىسلەتكە كويمەكنى، ئومۇرلۇك تۇتىيا قىلساڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

گۈزەل ئەخلاقنى يار ئەيلەپ، ئەدەپسىزلەرنى خار ئەيلەپ،
كىشى كۆڭلىگە يات ئىشتىن نوزەمبۇللا هايا قىلساڭ.

خەلقىڭنىڭ قايغۇ-بەختىگە ئەبەت ئورتاق بولۇپ دىلدىن،
مۇھەببەتتەك ئۇلۇغ ئىشنى قەدىرلەپ شوخ ناۋا قىلساڭ.

بىلىمىڭنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇپ، ئۇنىڭدىن دۇررى-زەر قازساڭ،
ئوقار ئالقىش ساڭا بارچە، ئانا يۇرتنى زىبا قىلساڭ.

مۇرات-ئارزۇيىمىز ھەمدۇر شۇ چاغ بىزگە بولۇر شات توي،
پۈتۈن ئۆمرۈم ساڭا تەقدىم، شۇ پاك سۆيگۈڭ ئاتا قىلساڭ.

## ۋەتەن مېھرى

جولۇپ بۇلبۇل، كېزىپ چىقتىم، دىيارىم باغۇ-بوستاننى،
ۋەتەنىمنىڭ شەنىگە پۈتتۈم، دىلىمدا نەچچە داستاننى.

تۇلۇن ئاي بەلكى رۇخسارى، قۇياشتەك پارلىغان بەختى،
جۇنىڭچە بىر زېمىن يوقكەن، كەزسەم يەرۇ-ئاسماننى.

«ئىشەن دوستۇم سوزۇمگە چىن، يوقكەن بۇ دىيارچە يۇرت،
ئىشىپ چۈشىسەممۇ جان بىرلە، ھىلال، ئەختەرنى-چولپاننى.»

تەزەر سالسام دىيارىم ھوسنىگە جەننەت كورۇندى زەپ،
جاھاننىڭ تاجىسى-كوركى دىدى ئەل بۇ گۈلۈستاننى.

جىمى ئەل چىھرىدە كۈلكە، ئۈنىڭدىن بەھرى ئاغاچقا،
ئىجات بۇلبۇلىنى كوردۇم، شىردىن سۆخەننى قاتقاننى.

ئىلىم-پەن بىرلە پەرھاتتەك، يىرىپ تاغلارنى سۇ باشلاپ
ۋەتەن شۇڭقارلىرى ئۇرلەپ نىشانغا ئۇزىنى ئاتقاننى.

كوردۇم شۇندا خاك ئەيلەپ، ۋەتەنگە كوز ئالايتقاننى-
باھادىرلار تىكىپ جاننى ئاجايىپ كۆچتا باسقاننى.

خاماندا تاغ كەبى ئالتۇن، دىخان يايرايدۇ شاتلىقتىن،
بايان ئەيلەپ زاۋۇت-كاندا يۇرەك ناخىشىدا ئارماننى.

ئايان بولمىدى بۇنداق ھىچ، ساياھەتتىن گۈزەل بىر جاي،
سۇپەتلەشكە تىلىم ئاجىز كەلدى، سەندە ئىھساننى.

دىمەككى ھەممە جاي ئالغان قىزىل گۈلدىن زىبا قامەت،
نىچۈك ئەل سۈيمىسۇن دىلدىن سىنىڭدەك گۈل-گۈلۇستاننى.

قانات قاق، ئۇرلىگىن مەڭگۇ، ساڭا تەقدىم مىنىڭ جانىم،
ئەبەتكۆيلەيمەن تىنماستىن، سۈيۈملۈك سەن دىلىستاننى.

## دىمە

ئەل ئۇچۇن تارتساڭ مۇشەققەت، سەن ئازاپ چەكتىم دىمە-
ساپ تىرىلىك توكمەي، ئىغىزدا ئەل سۈيۈش ئەھدىم دىمە-

www.uyghurkitap.com

ھەر نەپەس ئالغاندا ئويلا، كەلگۈسى ئەۋلات غىمىن،
كوز بوياپ ھەرگىزمۇ ئەلگە، بارلىغىم تەقدىم دىمە.

ئەل بىلەن بىر تەن بولۇپ كورگىن جاپا-راھەتنى تەڭ،
قايدا دەپ راھەت، ساياھەت قىلغىلى كەتتىم دىمە.

1980-، 1982 - يىل قەشقەر



ئىبراھىم قۇربان

# بىشارەت

بىر كۈنى يۈرگەن چېغىمدا رەستىدە،
ئەي جانان ئاتتىڭ قېشىڭنى لىپ قىلىپ.
پەيت ئىدى كۆلىنىڭ تۈۋىدە مۇڭدۇشۇش
خەپ دىدىم كىمدۇ يېنىمغا كېپ قېلىپ .

لەپپىدە سۇمبۇل چېچىڭنى سىلكىدىڭ،
نە سەۋەپ چوغدەك قىزاردىڭ ھوپپىدە.
ئاتقىنىڭ راست قاشىمىدى يا تاشىمىدى؟ !
ئالىمدەك تەگدى بۆرەككە گۈپپىدە .

بىلمەن مۇنداق بىشارەت تەكتىنى ،
بىر ئۇمۇر ئىلاھى جانانىنى سۆي دىدىڭ .
سۆيگۈسىز ئۆتكەن ھاياتمۇ نە ھايات ؟
سۆي دىدىڭ ئىشقى ئوتۇمدا كوي دىدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىۋاپا

نازلىنىپ كەلدىڭ يېنىمغا بىۋاپا،
ھىلىمدىن پۈتكەن شاراپنى تۈتقىلى.
گاھ كۈلۈپ گاھ بۇلۇتتەك ھورپۇيۇپ،
نە بولۇر غەش ـ غەش كوڭۇلنى ئۆتقىلى.

يا مېنى قويماقچىمۇ سەن مەس قىلىپ،
قەست بىلەن ماڭغان يولۇمنى تەس قىلىپ.
چىن باھار بەرگەي ھەقىقەت بىر كۈنى،
مەيلى سەن كورسەت بويۇمنى پەس قىلىپ!

سال نەزەر، مىڭ يىل يىراقتا سال نەزەر،
شۇندىمۇ سىرداش بولايلى ئىككىمىز.
بىرلا شەرت ئەۋلات دىلىمدا ياشنىماق،
كىمنىڭكى تامچە بولۇركىن ئەجرىمىز؟!

## گۈلچىراي

ھوسنىڭىز راست گۈلمىدۇ يا رەڭمىدۇ؟
زەپ بۈگۈن رەڭدار بولۇپسىز گۈلچىراي.
گۈل دىگەن دىلغا شىپالىق بىر گىيا،
ئاپىرىن! پار ـ پار بولۇپسىز گۈلچىراي.

گۈل دىسەم بارمۇ يۈرەكتە بەلگىسى ،
تەس ئەمەس ئىلمى پىچاقتا يارمىغىم.
راسلىكىن گۈل ـ لالە بولسا جىسمىڭىز
تەس ئەمەس بۇلبۇل گويا بوپ بارمىغىم.

كويىمىڭىز مەن ھەم كويەرمەن ۋاژقىراپ ،
ۋە لېكىن رەڭۋاز بولۇپلا كوي دىمەك .
راست كېپىم قەلبى گۈزەلدۇر سۆيگۈنۈم ،
ئىلمىمىزرەللىك پەردىنى سۆي دىمەك .

## سۆيگۈ

ئۈيقۇ سىز ياتقان چېغىمدا تۈن كېچە ،
ئاڭلىنار كىمدۇ بىرىنىڭ شەپىسى .
بايقىسام گۈلخان ئىسسىلىك يار ئىكەن ،
مەڭزىدە بىر جۈپ تولۇن ئاي جىلۋىسى .

ئوتتى غىل ـ پال دېرىزەم ئالدىدىن ،
لاپ قىلىپ كويدى يۈرەكىم پارىسى .
بولمىدى ماڭدىم ئىزىدىن ئەگىشىپ ،
بارىدۇ دەپ ئىشقى ئوتنىڭ دارىسى .

تۈردى ئۇ گۈلزار بۇلاقنىڭ لىۋىدە ،
سەكتەر سالقىن شامالنىڭ نەغمىسى .
چېھرىگە توككەن تۈگۈشتەك زېھنىنى ،
بار ئىكەن ئىلمى تەپەككۇر سۆيگۈسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## غەزەللەر

ئى پەرىزات جامالىڭگە خۇشتارى بولدۇم،
لەۋلىرىڭگە بىر سۆيگىلى خۇمارى بولدۇم .

ئاھ ئۇرار مەن شامۇ- سەھەر ئىشتىياغىڭدا،
نە ئىچىلغاي سەنسىز كوڭلۇم بىچارى بولدۇم.

قىينالمىسۇن ئىززىز جانىم كورسەت يۈزۈڭنى،
ئۇيان ئوتۇپ بۇيان ئوتۇپ سەييارى بولدۇم.

چەشمە - چەشمە توكۇلىدۇر كوزۇمنىڭ ياشى،
بىر نەزەر سال ھوۋەيدا دەك زار - زارى بولدۇم.

قايسى ئوت بار بۇ جاھاندا پىراق ئوتىدەك،
مەشۇق بولساڭ رەھىم قىلغىن مىڭ پارى بولدۇم .

ۋە يا دەمسەن كويگەن بويى كويسۇن قۇربانى،
تەشنالىقتا قۇرۇپ كەتكەن چىنارى بولدۇم.

× × ×

گۇل دىسەم گۇلدىن گۇزەل رۇخسارسىز،
خوش ناۋا بۇلبۇل گويادىن چارسىز .

جىسمىڭىز ئوتلۇق قۇياشنىڭ تەپتىدەك،
ئېيتىڭە قايسى پەرىزات يارىسىز؟

ئىشقىڭىزدا ئورتىلىپ تاڭ ئاتقىچە ،
تاڭ سابا چالسام ساتارىم تارىسىز .

ۋەسلىڭىز شېرىن ، سەنەمنىڭ ئەسلىدۇر،
نەۋ باھارنىڭ رەڭمۇ - رەڭ گۈلزارىسىز.

تاپتىڭىز شۆھرەت - جاسارەت ئىلمىدىن،
شۇ سەۋەپ ئىلمى كىشى دىلدارىسىز.

سىز ئۈچۈن پەرۋانىدۇر قۇربانىڭىز ،
راستىدىسەم كويگەن يۈرەگىم پارىسىز .

※ ※ ※

پەن - بىلىم شەيدالىرىنى ئەھلى جانان ئەيلىگەن،
ئىلمى - ئىرپان ئىشقىدا قەلبىڭنى گۈلخان ئەيلىگەن.

نۇر بىلەن سۇ تامچىسى بولغاچقا ياشنار ھەر گىيا،
قانچە دىل سەھرالىرىنى باغۇ - بوستان ئەيلىگەن.

سوقسا گەر گۈلنى بوران، بۇلبۇل چېكەر ئاھۇ - پىغان،
شۇم قۇيۇنلار ئالدىدا كوكسۇڭنى قالقان ئەيلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەل بېشىغا چۈشسە غەم، يەتسە ئەگەر ياۋدىن خەتەر،
كۆلدۈرۈپ ئەل قەلبىنى، دۈشمەننى يەكسان ئەيلىگىن.

ئۆتسە ئۆمرۈڭ مەنىسىز، يەيسەن پۇشايمان ئاقىۋەت،
تىرىشىپ ئالغىن بىلىم، توسقۇننى گۇمران ئەيلىگىن.

ئۈچمىسۇن توھپەم - ئىجادىم مەڭگۈ يادلانسۇن دىسەڭ،
پەن ئېگەللەش يولىدا جانىڭنى قۇربان ئەيلىگىن.

1978 –، 1983 - يىل ئۈچتۇرپان

زاھىر ئابدۇراخمان

# مۇھەببەت لىرىكىلىرى

## يىغلىما، قىزچاق

يارىلىق بىلەن كەچكى سەيلىگە،
بېرىشىڭنى رەت قىلدى ئانا.
سۆيگۈ ئوتى ھەجەپ يامان ـ ھە!
ياش توكتۈك سەن قىيىداپ ئاڭا.

مېھرىبانىمىك ، يۈرەك پارىڭدىن،
ئۈنچە رەنجىپ يىغلىما قىزچاق.
ئانا قەلبى‌غۇبارسىز قەلب،
سۆيمىدىكى شەبنەمدىنمۇ پاك .

پەرزەنت ئۈچۈن مېھرى دەريادۇر
ئۇنى ھەرگىز يۈرمەيدۇ ئولچەپ.
پەرزەنت بەختى ـ ئانا شاتلىقى،
لېكىن ئۇشرە قىلمايدۇ تەلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئانا كۆلەر،
بولالىساڭغۇ—
چىن مۇھەببەت ئەھلىگە ھەمرا.
بىۋاپادىن يىمەك گەر ئازار،
شۇ دەردىڭگە چىدارمۇ ئانا.

## نىمە سىر بۇ...

ئۇچرىتىمەن كۈندە نەچچە رەت،
بىر گۈزەلنى بىزنىڭ مەلىدە.
گاھى قالسا ئۇچرۇشۇپ كوز،
ئانارڭگى كېزەر تەرىدە.

باشقىلارنى ئۇچراتسا ئۇ قىز
سالاملىشىپ كورۇشەر شادىمان.
مېنى كورسە كېتىپ قالار تېز،
شەھلا كوزى بېقىپ يەر تامان.

ئايدىڭ كېچە، كەتمەننى ئېلىپ،
ناخشا تووۋلاپ ماڭسام ئېتىزغا.
قاياقتىندۇ بىر دىرىزىدىن.
چۈشۈدۇ نۇر مەن باسقان ئىزغا...

ئويلىنىمەن ھەيرانلىق ئىچرە:
” نىمە سىر بۇ، كىمدۇ ئەشۇ قىز؟

يۇرىگىگە سالدىمىكىن ئوت،
ئەجرىمدىن گۈل ئۈستۈرگەن ئىتىز؟

مۇشۇ يۇرتلۇق بولسىمۇ بىراق،
يا مەن ئۇنى كورمەي قالغانمۇ؟
يا بولمىسا قەلبىم تورىگە،
ياقا يۇرتتىن كەلگەن مېھمانمۇ؟......»

## يۇرۇگۇمنى چۇشەنمىدىڭمۇ؟

ئۇچراشقاندا مەن بىلەن دائىم،
« مېنى مەڭگۇ سۆيەمسەن؟ » دەيتتىڭ.
كويسە مەڭزىڭ نەپەسلىرىمدە،
ئۇنى جاۋاپ بىلىپ كۇلەتتىڭ.

تەكرارلاندى ئەشۇ سوئالىڭ،
ئۇچراشقاندا يەنە بۇ قېتىم.
بىلسەم تېخى ھوكۇمران ئىكەن،
كوڭلۇمدە بىر گۇمانلىق سېزىم...

كويدۇرگىدۇر ئورۇنسىز گۇمان،
كويدۇرەر ئۇ ئىشەنچ، ئارماننى.
بىلسەڭ جېنىم، ئىشەنمەسلىگىڭ،
ئورتىدى بۇ يۇرەك، ۋىژداننى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېيتچۇ ، كوزۇم يالقۇنلىرىدىن ،
ئەقىدەمگە ئىشەنمىدىڭمۇ؟
لەۋلىرىمنىڭ ئوتلۇق تەپتىدىن،
يۈرۈكىمنى چۈشەنمىدىڭمۇ؟

## گۈل بەرگىدىن شەبنەم تېمىپتۇ

يۇلتۇز بولۇپ ئىشقىم يالقۇنى،
كەڭ ئاسمانغا چېچىلغىنىدا؛
قەلبىمدىكى ۋىسال ئارزۇسى ،
باغدا گۈل بوپ ئېچىلغىنىدا؛

گۈل تۇۋىدە بولدى يار پەيدا ،
سۇمبۇل چېچى چىرمەلدى مېنى .
باقسام ، يېشى ھوللەپتۇ ئۇنىڭ،
قان تەپچىگەن ئوتلۇق مەكزىنى.

بىلدىم ، يارنىڭ ۋىسال شاتلىغى،
ئايلىنىپتۇ كوزنىڭ يېشىغا .
گۈل بەرگىدىن شەبنەم تېمىپتۇ ،
بۇلبۇل كېلىپ قونسا شېخىغا .

## پارچە

شاتلىغىمدا ، يار بىلەن تەڭ قەن يىدىم،
بەلكى يار كوپ ، مەن ئۇنىڭدىن كەم يىدىم.
چاغ ئوتۇپ كەلسە بېشىمغا شۇم بالا ،
يار قاقاخلاپ كولدى ، مەن مۇش ، غەم يىدىم.

1982 - يىل ئورۇمچى، ئاقسۇ

نىياز مەخمۇت

## پارتىيەم شەنگە

ئەل بەختىچۇن يارالغان ،
كۈرەش بىلەن زورايغان ،
شوھرىتى كەڭ تارالغان،
پارتىيىمىز ئەمەسمۇ؟

مۇشكۇل سەپەر يول بېسىپ،
قات ـ قات داۋان تاغ ئېشىپ،
باتۇرانە جەڭ قىلىپ،
پارتىيىمىز ئەمەسمۇ.

ياۋنى گۇمران قىلىشقا ،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا،
يەر-جاھانغا تونۇلغان،
پارتىيىمىز ئەمەسمۇ؟

سانائەتنى ئورلىتىپ،
يېزىلارنى گۈللىتىپ،
موجىزىلەر ياراتقان،
پارتىيىمىز ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەن مائارىپ سەنئەتنى،
يۈكسەلدۈرۈپ ھەر سەپنى،
زور ئۇتۇقلار قازانغان،
پارتىيىمىز ئەمەسمۇ؟

غەمگۇ زارى ئېلىمىزنىڭ
نۇر چىراغى دىلىمىزنىڭ،
خەلقىمىزگە پاسىۋان،
پارتىيىمىز ئەمەسمۇ؟

تۈگىمەيدۇ سوزلىسەم،
كېچە - كۈندۈز كۈيلىسەم،
كۈيلەشكە مادار بەرگەن،
پارتىيىمىز ئەمەسمۇ؟

ئەھەت ئـامان

## ئـاقـسۇ

ئانامسەن مېھرى ئوت ئاتەش دىياردىم باغچىسى ئاقسۇ،
بالاڭمەن ساڭا باغلانغان دىلىمنىڭ رىشتىسى ئاقسۇ.

كى جەننەت تەسۋىرىن ھەركىم خىيابان ئەسلىمەك بولسا،
ئاڭا بەرگەي گۈزەل ھۆسنۈڭ تەسەۋۋۇر ئۈلگىسى ئاقسۇ.

ئوتەر مىڭ نۇرلى خىسلەتتە سېنىڭ ھەرقىش، باھار يازىڭ،
بى تەھقىق كۆز - " ئىچىل سۇپرا " ساخاۋەت غەزنىسى ئاقسۇ.

شۇڭا بارلىق تائام شاھى سېنىڭ شەنىڭ ئۈچۈن تەييار،
ئاتالغان شۇل سەۋەپ خەلقىڭ جاھان تۈز ئۈستىسى ئاقسۇ.

پاراسەتبابىدا سەرخىل، ھونەر - سەنئەت مۆجەسسەمدۇر،
گۈۋا "مىڭ ئۆي" ، "زەپەرنامە" بۈيۈك كۆي سەھنىسى ئاقسۇ.

تاۋاپ بىرلە كېلەر ھەركۈن تۈمەن سەيياھ قۇچاغىڭغا،
ئۇرۇن ئالغاچ شېھىتلەرنىڭ سېنىڭدە قەۋرىسى ئاقسۇ.

ئەقىدە ئۈلگىسى شېرىن، قىزىلىڭ قەلبىگە ئەندازە،
دىمەك ئانچىكى مىشچانىڭ ماڭا يات جىلۋىسى ئاقسۇ.

تۇغۇلغاچمەن سېنىڭدەك بىر ئىپار ھېدلىق گۈزەل يۇرتتا،
سېزەرمەنكى ئۆزەمنى ئەل - جاھانىڭ ئەركىسى ئاقسۇ.

1982 - يىل ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن مۇھەببىتى

مۇھەببەت بابىدا بولۇنغاندا سوز،
قۇتلۇقلار قىز - يىگىت مۇھەببىتىنى.
مەن رازى بىر ئومۇر قۇتلۇقلاپ ئوتسەم.
ئانىجان ۋەتىنىم مۇھەببىتىنى.

ئېزىزكى، مەن ئۇچۇن ھەتتا قېنىمىدىن،
ئەي ۋەتەن بىر تامچە تۇزلۇق سۇيۇكمۇ.
قەدىرلىك مەن ئۇچۇن ھەتتا جېنىمىدىن،
چىمدىم تۇپرىقىڭ، دانە تېشىڭمۇ.

يۇرۇگۇم،كوز نۇرۇم، جىگىرىم - باغرىم،
سەندىكى ھەر گىيا، پارچە سۇنۇق خىش.
باغلىرىڭ، گۇللىرىڭ تۇرماق مەن ئۇچۇن،
كورۇنەر چولۇڭمۇ تۇتىيا، بېھىش.

ئانىجان بىلىمەن ئومرۇم بورچىنى،
قوينۇڭنى گۇللەشتىن ئوزگە ئىشىم يوق.
گەر سوزسا دۇشمىنىڭ ئىبلىس قولىنى،
سەن مىلتىق، مەن گويا ئېتىلغان بىر ئوق!

## نەسىھەت

كىمكى چىن كىشى بولسا،
كىشىنىڭ كەينىدىن كۈلمەس.
ئېيىپ تاپسا زىغىرچە گەر،
گوھەر بىلىپ چېپىپ يۈرمەس.

ئولۇكلەر قاتىرى كوردۇم،
قەدرى بىر تىيىنلەرنى.
نىجاسەتتىن دىلى كۈلگەن،
شۇم رەزگى چىۋىنلەرنى.

بۇرادەر كەڭ نەزەرلىك بول،
رەزىللىك رىسقىدا يۈرمە.
ئۇتۇپ ئۇمرۇڭ ئۇمۇچۇكتەك،
كېرەكسىز تور توقۇپ يۈرمە.

ئابدۇرېھىم سىدىق

# باغۋەن

قەدىرلىكسەن، زېھىنلىكسەن بىلىم تارقاتقۇچى باغۋەن،
مائارىپ بېغىغا كۆركەم ھوسۇنلەر قاتقۇچى باغۋەن.

ھەسەل ھەرىسىدەك تىنماي بېرەرسەن ئەل ئۈچۈن شەربەت،
كوڭۇللەر تورىگە ئۆچمەس چىراقلار ياققۇچى باغۋەن.

يېتىشتۈردۈڭ ۋەتەنچۈن توھپىكار سانسىز يېڭى ئەۋلات،
گۈزەل پارلاق كېلىچەكنىڭ ھۇلىنى سالغۇچى باغۋەن.

داۋانلار ھالقىدىڭ ھارماي، جاپانى ئىلمىدىڭ كوزگە،
نادانلار قەلبىگە پەندىن ئۇرۇقلار چاچقۇچى باغۋەن.

توكۇلگەچ بىھىساپ تەرىڭ، كوچەتلەر مەۋىگە كىردى،
يېتىلدى ئىنژېنېر، دوختۇر ۋە ئالىم، يازغۇچى باغۋەن.

جامائەت ياغدۇرۇپ ئالقىش سېنى ھورمەتلىگەي ھەردەم،
ئېلىم ـ پەن كانىدىن پۈتمەس گوھەرلەر قازغۇچى باغۋەن.

ئېلىم ـ ئېرپانغا باغلىقتۇر كامالەت تاپىمغى ئەلنىڭ.
سېنىڭدە باركى تىلسىمنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى باغۋەن.

تېخىمۇ ئۇرلە، پەرۋاز قىل ئېلىم ئاسمانىدا ئەركىن،
قولۇمدىن تۇت بولاي سەندىن يەنە دەرس ئالغۇچى باغۋەن.

## باياشاتلىق

بۇگۈن ئەلدە باياشاتلىق جىمىكى جاي ئاۋات بولدى،
خەلقىنىڭ چاينىشى ئەمدى مىسالى قەن، ناۋات بولدى.

گادايلىق دەستىدىن بىر چاغ سوغۇقتا تىترىگەنلەرنىڭ،
ئېچىلغاچ كەڭ بېيىش يولى،كىيىشى قاتمۇ ـ قات بولدى.

هوسۇللار يىلمۇ ـ يىل ئاشتى ئەنە ساڭلاردالىق ئاشلىق،
كوڭۇلگە سىغمىدى،شاتلىق ئاڭا ئەندىشە يات بولدى.

تالاي يىللاردىكى ئارزۇ ئېشىپ بۈگۈن رىئاللىققا،
قۇرۇق گەپ، سوز ـ چوچەكلەرنىڭ چىقىپ رەسۋاسى مات بولدى.

سەپەرگە ئات سېلىپ ماڭدۇق كورۇندى ئاي بولۇپ ئىقبال،
يېڭى مەنزىلگە ئورلەشتە ئېلىم ـ پەن گاڭ قانات بولدى.

# چىمەن دوپپا

ئېرىلىش ئالدىدا بەرگەن دوپپاڭدا،
مۇھەببەت گۈللىرى ئېچىلغان كۆركەم.
كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ ماڭا كۆرەشتە،
ھەر قېتىم قولغا ئېلىپ زوق بىلەن كورسەم.

سەن كەتتىڭ يۈرەككە ئۇچمەس ئوت يىقىپ،
مەرىپەت گۈلزارى ـ مەكتەپ قوينىغا.
قىلىپسەن تەر توكۈپ يېڭى ئىجات،
يۈكلەپسەن ۋەزىپە يىللار بوينىغا.

سەن بىلەن بەسلىشىپ چۈشتۈم بەيگىگە،
ئەسكە ئېلىپ ئاشۇ چاغ قىلغان سوزۈڭنى.
ئۇرغىدى قەلبىمدە غەيرەت ـ جاسارەت
ئوزگىگە سالمايمەن قىلچە كوزۈمنى.

شۇ چىۋەر قولۇڭدا تىككەن دوپپاڭنىڭ،
گۈلىدەك ياشنايدۇ مۇھەببىتىمىز.
ئاشىدۇ ئەمەلگە بىز كۈتكەن ئارزۇ،
گۈللىسە چىمەندەك گۈزەل دەۋرىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاقسۇ ناخشىلىرى

( سېكىل )

## ئوتلۇق ناخشا

چۈمۈلدى ئالەمچە شاتلىققا قەلبىم،
ئەي ئاقسۇ بۈگۈن گۈل ھوسنۇڭنى كۆرۈپ.
مېھنەتتىن گۈل چەكتى ساڭا مەرت خەلقىم،
قوينۇڭدا باھارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ.

ئىلھامىم قۇشلىرى قاناتلار قېقىپ،
كەزدى ھور جەننەتتەك قۇچاقلىرىڭنى.
ساڭا چىن ھۆرمىتىم پەلەكتىن ئېشىپ،
ياڭراتتىم بۇ ئوتلۇق قوشاقلىرىمنى.

## سېنىڭ كۆلكەڭ

ئىلھامىم قۇشىغا مېنىپ پەرۋاز قىپ،
ئازادە كوچاڭغا تاشلىدىم نەزەر،
بىلىمەن ئاقسۇ سەن شۇ نۇرلۇق تاڭدا،
يېڭىدىن قەددىڭنى كوتەرگەن شەھەر.

قارىسام ھەيۋەتلىك بىنالىرىڭغا،
قۇياشنىڭ نۇرىدا تۇرار پاقىراپ.
ئەينەكتەك ئاسفالت كوچىلىرىڭدا،
موكىدەك قاتنايدۇ ئاپتوموبىل - پىكاپ.

ئاسمانغا بوي سوزغان تۇرخۇنلىرىڭدىن،
كۈمۈشتەك تۈتۈنلەر ئۆرلەيدۇ كۆككە.
گۈللەنگەن سانائەت، يېزاڭدا ئاشلىق،
ئوينايدۇ چېھرىڭدە تەبەسسۇم كۈلكە.

سەن كۈلدۈڭ، ئالدىڭدا خۇددى چولپاندەك،
نۇرلۇنۇپ تۇرغاچقا پارلاق كېلەچەك.
كۈلكەڭنىڭ ساداسى چاچتى ئالەمگە،
بىھېساپ خۇشپۇراق، رەڭدار گۈل - چېچەك.

## سۈيۈڭگە قاراپ

تۇرىمەن زوقلىنىپ دەريا لېۋىدە،
گۈل ئاقسۇ زۇمرەتتەك سۈيۈڭگە قاراپ.
ئاقماقتا سېلىپ ئۇ ھەيۋەتلىك شاۋقۇن،
ئويناقشىپ، كۆۋەجەپ، دولقۇنلار ياساپ.

شەربەتتەك سۆيۈگىدىن تاپىدۇ قۇۋۋەت،
سەندىكى زىرائەت، بارچە ھاياتلىق.
سۆيۈكۈمول، گۈل ئاقسۇ ئىسمىڭگە لايىق،
تۆرمۈشى خەلقىمىنىڭ ھەسەلدىن تاتلىق.

## ئوخشايدۇ گۈرۈچ سەندە

مەگەردە مېھمان بوپ بارسام ھەر ئۆيگە،
قويۇلار لەززەتلىك پولۇ ئالدىمغا.
گۈرىچى سۈتتەك ئاق دانىمۇ ـ دانە،
چوڭلىقى نوقۇتنى سالار يادىمغا.

گۈروچدا داڭلىق سەن، ئەتىۋالىقسەن،
چۈشمەكتە ئېھتىياج ساڭا ھەر ياقتىن.
ئىقبال ۋە مېھنەتنىڭ كانىدۇر خەلقىڭ،
گۈرۈچلەر ئۇستۇرگەن ئالتۇن تۇپراقتىن.

## يۇرتۇم مۇھەببىتى

ئەي ئاقسۇ سەن مېنىڭ سويۇملۇك يۇرتۇم،
ئاي كەبى ھوسنۇڭگە بولدۇم چىن شەيدا.
ناۋاتتەك سۆيۈگىنى ئىچسەم بىر يۇتۇم،
تېنىمدا چەكسىز كۈچ بولۇدۇ پەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈيىمەن گوياكى يېشىل مەخمەلدەك،
پايانسىز كەڭ ئېتىز، بوستانلىرىڭنى.
سۈيىمەن گاڭ بىلەك مەرت چوغلۇق يۈرەك.
جاپاغا باش ئەگمەس ئىشچانلىرىڭنى.

سۈيىمەن چىرايلىق خۇددى سۈرەتتەك،
شەھىرىڭنى، زاۋۇت-كان، سەھرالىرىڭنى.
سۈيىمەن قەلبىمدىن رەڭدار گىلەمدەك.
كەڭ يايلاق، ھەربىر تال گىيالىرىڭنى.

## كۈز لىرىكىسى

كەلدى، كەلدى كەچ كۈز سېخىلىق بىلەن،
دوستىخانغا نېمەت تولدۇرۇپ.
دەرەخلەردىن تەڭگىلەر تاشلاپ،
مايسىلارغا كۈمۈش قوندۇرۇپ،

ئالتۇن لىباس كەيدى ئورمانلار،
يېڭىچە تۈس ئالدى تەبىئەت.
كوز چاقنىتار پايانسىز دالا،
كۈزنىڭ ھوسنى مىسالى جەننەت.

ئەركىلىتىپ مەجنۇن تاللارنى،
كۆز شامىلى ئۇچىدۇ مەغرۇر.
ئۇ دەيدۇكى ئاستا شىۋىرلاپ:
«ئەمگەكچىگە بېرىمەن ھوزۇر.

ئۇزۇتۇپ يازنى كېلىمەن ھەر يىلى،
قىش بوۋاينىڭ ئەلچىسى بولۇپ.
شاتلىنىمەن كەتسە دېخاننىڭ،
تاغارلىرى ئاشلىققا تولۇپ.

ئۇزاپ ماڭدى باھار قۇشلىرى،
جەنۇپ ياققا مەندىن خوشلۇشۇپ.
بەزىلىرى چۆمدى ئۇيقىغا،
پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇشۇپ.

مېنى كۆرۈپ دېخان تاغاملار،
يىغىشىدۇ توككەن ئەجرىنى.
نەپ ئالىدۇ مەندىن شۇنچە كوپ،
كىمكى بىلسە مېھنەت قەدرىنى.

مەن كېلىمەن سوۋغىلار ئېلىپ،
مەمۇرچىلىق ياغدۇرۇپ ئەلگە.
دوستىخانغا نېمەت تولغىنى،
كەلگىنىمدىن بېرىدۇ بەلگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈيۈپ ئۇتۇپ ئېتىز - ئېرىقنى،
ئۈچۈپ كەلدىم يەنە باشقىچە.
تەبرىكلىدى مېنى زوق بىلەن،
يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە.

جىمى ئادەم دەيدۇ قەلبىدىن:
" ئەجەپ بەلەن كەلدى بۇ يىل كۈز.
باياشاتلىق قاپلىدى يۇرتنى،
ئىشقا ئېشىپ ئېغىزدىكى سوز. "

قاسىمجان يۇنۇس

# ۋەتەن ھەققىدە شېئىرلار

## بۇلاق

ئايلاپ ھەم يىللاپ ئاقسا دەرياغا،
تۈگىمەس سۈزۈك بۇلاقنىڭ سۈيى.
يۈرەكتە مېھرىم شۇ بۇلاق كەبى،
ئاقار ۋەتەنگە تا ئۆمرۈم بويى.

توڭلايدۇ بىراق كەلگەندە قىشلار،
دولقۇنلۇق سۇلار مۇز بولۇپ يېتىپ.
توختىماس ئەبەت ۋىجدان بۇلىغى،
قالمىسا ئەگەر تەنلىرىم قېتىپ.

## ئوت

بىر ئوت بار مېنىڭ يۈرەك قېتىمدا،
يالقۇنجاپ كۆيۈپ ئۆچمەيدىغان.
ئۇ شۇنداق كۈچلۈك ئاجايىپ ئوتكى،
دىلدىن،ۋىجداندىن كۆچمەيدىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

ئىرادىنى چىڭ تاۋلايدۇ ھامان،
شۇ ئوت يۈرەككە بېرىپ ھارارەت.
كەلتۈرەر مەڭگۇ، مەنىمنى بولۇپ،
ۋەتەنگە چەكسىز دەريا ـ مۇھەببەت.

ئەۋلادتىن ـ ئەۋلات قالامدۇ نىمە،
" ئەللەي» بىلەن تەڭ ماڭا تۇتاشقان.
شۇ ئوت ئەمەسمۇ ۋەتەننىڭ ئىشقى،
ئانا سۈتىدە تەنگە ئۇلاشقان.

ئانا ۋەتىنىم دەيمەن يىغلاپ،
سۆيگۈ ناخشامدا ئېزىلىپ شۇڭا.
ھايات ئىقبالىم بەختىم يارالغان،
ۋەتەننىڭ ئوچمەس ئوتىدىن ماڭا.

## گۈل

ۋەتەننىڭ چۆلىدە كۆكلىسە شىۋاق،
بېغىمىنىڭ رەنا گۈللىرى دەيمەن.
ئوزگە يۇرت ماڭا تەڭلىسە رەيھان،
ماڭا ئۇنىڭ نەكرىگى دەيمەن.

ۋەتەننىڭ بارلىق تۇپراق گۇللىرى،
مەن ئۇچۇن جاندەك شۇنداق ئەتىۋا.
چولدە ئوسسەمۇ سۈيۈملۈك ماڭا،
مارالغا ئوزۇق ـ كوزگە توتىيا.

## پەرۋانە

تۈندە چىراقنى كورسە پەرۋانە،
ئاتار ئۇنىڭغا ئۇرۇپ ئوزىنى.
مۇرات ـ مەقسەتكە يەتتىم دەيدىكەن،
قىلسا يالقۇندا قۇربان جىنىنى.

هاياتىم ئوتسە مەندە نە ئارمان،
ئانا ۋەتەنگە پەرۋانە بولۇپ.
ئاڭا قەست قىلغان دۈشمەن ئالدىدا،
يولۋاستەك غەيۇر مەردانە بولۇپ.

## ۋەدە

ۋەتەننى سۈيۈش، قوغداش، گۈللۈتۈش،
ئاتا ـ ئانىدىن ئۇ مىراس بىزگە.
ئەلىنىڭ بەختىنى قۇربانە قىلماق،
بىلىمەن، تەھقىق ئار ـ نومۇس بىزگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇڭا يۈرەكتىن بۇرچۇمنى ئاقلاپ،
ۋەتەن ئالدىدا بېرىدىمەن ۋەدە.
ۋەتىنىم ئۈچۈن جېنىم تەسەددۇق،
ئەشۇ ۋەدەمنى قويىمايمەن يەردە.

1979 - يىل ئىيۇل، ئاقسۇ

## تەشنالىق

سەپەردە، مېھنەتتە چاڭقىسا كىمكى،
سۇ ئىچىپ بولالىقتىن تەشناسى قانار.
ۋە لېكىن مۇقامنى ئاڭلىغانچە مەن،
قەلبىمنىڭ تەشناسى ئوت بولۇپ يانار.

ئېيتقىنا ئەي ئەجەم - مۇقام رەناسى،
چىققانسەن قايسى چاغ، قايسى يۈرەكتىن؟
ئېيتقىنا! تارىغا چېكىلگەن قەلب.
شاتلانماس نىمىشكە ئارزۇ - تىلەكتىن!

نەقەدەر مۇڭلۇقسەن يېقىملىق ئاھاڭ،
يۈرەك باغرىمنى سىرىپسەن شۇنچە.
تەپەككۇر چولپىنى سۇرگەندە خىيال،
نازاكەت تۆيغىدىن چاچىسەن ئۈنچە.

ساقلاندىڭ، گۈللەندىڭ خەلق قەلبىدە.
كومەكچى بولسىمۇ مەلئۇنلار سېنى.
ياشىدىڭ، ياشايسەن چۈنكى ئەسىرلەپ
سىڭگەچكە ساڭا پاك ئەجداتلار قېنى.

دىگىزلار تەكتىدىن مەر - مەر سۈزگەندەك،
بوۋاملىرىم سېنى سۈزگەن تۇرمۇشتىن.
ياشىغاچ شۇ خەلق ئوتلۇق يۈرەكتە،
ئەۋلاتلارمۇ تەشنا، يېراق قېنىمىشتىن.

ياڭرىغىن، كۈيلىگىن ئەلنىڭ بەختىنى،
ئەۋجىگە يۈيۈلسۇن قەلبىم داغلىرى.
دولقۇنلار ياسىسا نەزمەڭدىن سەللەر،
قانماسمۇ سۇ ئىچىپ بۇلبۇل باغلىرى!

1981- يىل، مارت

## بولمىسا

ئەلگە لايىق مەن دىمە سەندە ۋىجدان بولمىسا،
ۋەتەن مېھرى يالقۇنجاپ دىلدا گۈلخان بولمىسا.

بولماس ئىدى يۈرتىمىز ياشناپ ئاۋات باشقىچە
پاراسەتلىك ھەققانى ئەلدە سۇلتان بولمىسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خەندان ئۇرۇپ سايرىماس باغدا بۇلبۇل ئۇزىچە،
گۇل چېچەككە پۈركەنگەن باغۇ ـ بوستان بولمىسا.

قولغا كەلمەس ھېچقاچان سائادەت ھەم پاراغەت،
ئەلدە باتۇر ئەمگەكچى، بەستى پەلۋان بولمىسا.

يايرارمىدى دىل خۇشال بولۇپ رىزا زاماندىن،
ئەلگە ياققان سىياسەت، ياخشى پەرمان بولمىسا.

## باھار لېرىكىلىرى

كەلگەندە ئىللىق باھاردىن دېرەك،
تەرلىرى مۇزلار ئېرىپ ـ يالتىراپ.
تۈندە ئومىلەپ، كۈندۈزى يوقاپ،
قىش بوۋايمۇ بەك قاپتۇ ھاسراپ.

ئەشۇ بوۋاينىڭ ئۇلۇشكۇن تېخى،
قاتتىقلا ئىدى چالغان پۈشتىگى.
يوقاپتۇ مانا دالا ـ تۈزىدىن،
ئاپپاق خالاتلىق چەكسىز ئىتىگى.

قارىسام بۈگۈن سالا ئىتىزنىڭ،
كوزلەرنى يەيدۇ يېشىل كوينىگى.
ھەجەپمۇ چاققان تۈيۈلدى ماڭا،
پەسىلنىڭ تېزدىن كېتىپ ـ كەلمىگى.

"بولۇقزىرا ئەت كوكىدىن مەلۇم"،
دىگەن بوۋىلار ھېكمەت سوزىدە.
بىز ئىشلەيدىغان كۈنلەر كەلدى دەپ،
كۈلكە چاقنايدۇ دىخان كوزىدە.

ئوغۇل – قىزلارنىڭ باھار ناخشىسى،
بۈگۈن گۈگۈشىدا ياڭراق ھەم گۈزەل.
قەلبى ئاجايىپ خۇشال دىخانلار،
ئېيتمىسۇن نىچۇك يۈرەكتىن غەزەل؟!

1980 – يىل، ئاقسۇ

## دۇتتارىم

چالسام سېنى ھەردائىم،
تېنىم يايرار دۇتتارىم.
ئاۋازىڭنى ئىشتكەندە،
يۈرەك ئوينار دۇتتارىم.

دەرت كەلگەندە بىشىمغا،
قوشۇلدۇڭ كوز يېشىمغا.
كۈلسەم بۈگۈن يىگىمچە،
مەدەت بەردىڭ ئىشىمغا.

سايرا خۇشال دۇتتار...
كۈيگە ئاشىق خۇمارىم.
ئاۋازىڭدا كۈيلەنسۇن،
يېڭى دەۋرىم - باھارىم.

سېنى يەردە قويمايمەن،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
سېنىڭ بىلەن ئەبەتكە،
شاتلىنىمەن، يايرايمەن.

قېيۇم مەمتىمىن

## مىلك ئوي

سېنى كورۇپ پەخىرلەندىم جاھان سەيلانىسى مىلك ئوي،
غورۇرى مىللىتىمىنىڭ زەپ ئېسىل دۇردانىسى مىلك ئوي.

قىزىپ چىققان باھادىرلا،توكۇپ مۇنچاق كومۇش تەرنى.
مۇھەببەتنىڭ ۋاپادارلىق گۈزەل يالدامىسى مىلك ئوي.

مويۇلغان تاشقا سەر خىلدا جەسۇر پەرھات قولى بىرلە،
گۈزەل سەنئەت مىراسى ئۇ نەقىشلەر تاجىسى مىلك ئوي.

قىلار مەپتۇن سىزىلغان تامدىكى ھەر بىر ئېسىل سۇرەت،
جۇلالاپ ئوزىگە تارتار گۈزەللىك قامۇسى مىلك ئوي.

جاۋاھىرلار بازاردا چۇشۇپ قالسا رىقابەتكە،
يېگەر جەزمەن شۇ سۇرەتلەر، ئىگەر باش پارچىسى مىلك ئوي.

موزات دەريا لىۋى دوگدە تۇرار ئالتۇن كەبى چاقناپ،
كېلەر مېھمان يېراقلاردىن ئۇزۇلمەس رىشتىسى مىلك ئوي.

ئورار پەرۋانىمدەك ھەركىم ئۆزىنى توختىماي ھەردەم،
يېزىلغان قانچە شائىرنىڭ جاۋاھىر نەزمىسى مىلك ئوي.

ياراشقان زەپ مۇزات دەريا بېرىپ زىننەت شۇ مىلك ئويگە،
ئاقار شاۋقۇنلۇنۇپ تىنماي خوشاللىق نەغمىسى مىلك ئوي.

تۇرار ئالدىڭدا بىر باغچا، گويا جەننەت كەبى كورگەم،
ئېچىلغان ئۇندا ھەر ياڭزا سەنوبەر غۇنچىسى مىلك ئوي.

ئاجايىپ شات ئاۋاز بىرلە نىمە تاپماس گۈزەل قۇشلار،
بېرىپ ئىلھام يۈرەكلەرگە ئەشۇ تاڭ ئەلچىسى مىلك ئوي.

ئەجەپ رەڭدار چىراي - شەكلى ياراشقان ھەم كىيىملىرى،
سىزىلغان شۇنچە ئۇز، خۇشخۇي، تىرىكتەك ھەممىسى، مىلك ئوي.

ئېلىم - پەن ئەھلى بوپ مەپتۇن سېنى كورمەككە بەك تەشنا،
سەيىر ئەتسۇن گۈزەل قوينۇڭدا سەنئەت باغچىسى مىلك ئوي.

1981- يىل ئاۋغۇست، باي

## قۇرۇپ بەزمە گۈلۈستاندا

ئېچىلدى رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ۋەتەن باغىدا - بوستاندا،
ئۇرۇپ خەندان ناۋا بۇلبۇل خۇشال سايرار سەھەر تاڭدا.

باھارنىڭ پەيزىگە چۆمدى بۇگۈن يۇرتۇم كۆلۈپ ياشناپ،
خۇشال سەزمەكتىمەن دائىم ئۆزۈمنى گۈل چىمەن باغدا.

ئالار لەززەت جىمى ئىنسان چېچىلغان خوشپۇراقلاردىن،
پەرى ئوخشاش گۈزەل تۇسكە كىرەرسەن ئۇنى قىسقاندا.

ئۇلۇق دەۋرىمنى مەدھىيىلەش مۇقەددەس بۇمېنىڭ قەرزىم،
شۇڭا ناخشامدا كۈيلەيمەن قۇرۇپ بەزمە گۈلۈستاندا.

1982- يىل، ئىيۇن

## سەنئەت ھەققىدە مۇخەممەس

گۈزەل شىنجاڭ قەدىم بۇ يۇرت ئىرىشكەن پەخرى ئۇنۋانغا،
ئەزەلدىن ناخشا - مۇزىكا - ئۇسۇل كانى دىگەن نامغا،
جاھان سەنئەت كوكىدە ئۇ گويا ئوخشايدۇ چولپانغا،
تەرىپلەپ يازدى كوپ شائىر بۇنى ھەم قانچە داستانغا،
تارالغان نامىمىز شۇنچە پۈتۈن ئالەمگە - جاھانغا.

جىمى ئىقلىم گۇۋا بىزگە ئەزەلدىن ناخشىغا ئامراق،
قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بۇ ئادەت راستىنى ئېيتساق،
گويا تەندە جېنىمىز يوق بىرەر كۈن ناخشىسىز قالساق،
يىغىسىدىن توختىشار دەرھال بوۋاقلار ناخشا ياڭراتساق،
ۋىلىقلاپ ئوز تىلى بىرلە چۈمەر شۇئان ھاياجانغا.

قالار ھەيران جاھان ئەھلى كورسە نەفىس ئۇسۇللارنى،
ئۆزىگە مەھلىيا ئەيلەپ ئاچار سۇنغان كوڭۈللەرنى،
بېغىشلار زوق بىلەن ئىلھام قىلىپ مەپتۇن بۇ دىللارنى،
سالار شۇندا خىجىللىققا جىمىكى ھور - پەرىلەرنى،
ئەگەر چۈشسە شۇ ئۇيغۇرنىڭ قىزى سەھنىگە - مەيدانغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ياشايدۇ نەچچە ئون مىللەت،
ئۇلاردا بار ئۆزىگە خاس ئىجات قىلغان ھۈنەر ـ سەنئەت.
لېكىن باردۇر پەقەت بىزدە يۇرۇشلەشكەن مۇقام رەت ـ رەت،
«ئالار پۈتكۈل جاھان ئەھلى بۇنىڭدىن شاتلىنىپ لەززەت»،
كى ھەقلىق بىز پەخىرلەنسەك جاھان ئالدىدا ماڭغانغا.

نەقىشلىك چالغۇ ئەسۋاپلار ئىجات بولغان شۇ چاغلاردا،
شاھانە كاتتا مەشرەپلەر بولاتتى چارى باغلاردا،
مۇقام تۇۋلاپ، چېلىپ مەرغۇل راسا ئەۋجىگە چىققاندا،
بەزىم ئەھلى سىماپ يەڭلىغ ئىرىش ئىسلىكىدە تۇرغاندا،
چىكەر پىغان شۇ ئان بۇلبۇل ئۇرۇپ ئۆزىنى ھەر يانغا①.

پۈكۈپ دىلغا ئۇلۇق غايە يىراق كەلگۈسى ـ مەقسەتنى،
جاڭچيەن② كەلگەن ئۆگەنمەككە بۇ مىللى نەغمە ـ سەنئەتنى،
ئىرىشتى جان تېنى بىرلە غەنىمەت بىلدى پۇرسەتنى،
ئۆگەندى مۇزىكا، مەشرەپ، ئىجىل قىپ بارچە مىللەتنى،
تارالدى ئىچكىرى ئۆلكە كى چاڭئەن ھەمدە لو ياڭغا.

× × ×

گۈزەل شىنجاڭ قەدىم بۇ يۇرت ئىرىشتى پەخرى ئۈنۋانغا،
ئەزەلدىن ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل كانى دېگەن نامغا،
جاھان سەنئەت كۆكىدە ئۇ گويا ئوخشايدۇ چولپانغا،
تەرىپلەپ يازدى كۆپ شائىر بۇنى ھەم قانچە داستانغا،
پاكىتنى كۆمگىلى بولماس ئورۇن يوق ئەمدى يالغانغا.

1982- يىل ئاۋغۇست، باي

---

①«تارىخى مۇسىقىيۇندا» ئېيتىلىشىچە، «چول ئىراق» مۇزىكىسى چېلىنغاندا بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرغا ئۆزىنى 7-8 قېتىم ئۇرۇپ، پىغان بىلەن سايراپ ئۆلۈپ قالغان دېيىلىدۇ.

② جاڭچيەن: ـ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنى ئۆگىنىپ ئىچكىرى ئۆلكىگە تارقاتقان.

تۇرسۇن مامۇت

# دىخان

كېلىپ بۇ نەۋ باھار پەسلىنىڭ بولەكچە يايرىغان دىخان،
خۇشال بۇلبۇل كەبى خەندان ئۇرۇپ شوخ سايرىغان دىخان.
ھايات قايناملىرى ئىچرە ئۈزۈپ ھېچ ھارمىغان دىخان.
كۆرەشتە ئالدىدا سەينىڭ مېڭىشنى تاللىغان دىخان،
چىناردەك قامىتىنىڭ مەزمۇت چېلىشتا پەھلىۋان دىخان.

يۇگەنلەپ تاغنى ـ دەريانى ئەجەپ ئۇز لەيلىزار قىلدىڭ.
توكۇپ تەر چول باياۋاننى كوكەرتىپ مىسلى باغ قىلدىڭ.
ئېلىپ مۇنبەت ئېتىزدىن مول ـ ھوسۇل، ئاسمانچە تاغ قىلدىڭ.
كى ئىشلەپ قۇل كەبى، بەگدەك يىدىڭ، ئاغزىڭنى ياغ قىلدىڭ.
جاپا نىڭ كەينىدە راھەت ئىكەننى بايقىغان دىخان.

ھوسۇل چىقماي، تاغار توشماي سېنى غەم ـ قايغۇ باسقاندا،
كېمىپ چارۋا، دارامەت ھەم بەخت، ئامەتمۇ قاچقاندا.
كالا، ئات ، قوي باقار بولساڭ «گۇنا» دەپ ۋاقىراشقاندا.
«تىرىلىش» دەپ يوغان قالپاق سېنىڭ شىللەڭنى باسقاندا.
بولۇپ تەشنا ئادەلەتكە ئۇمىتنى باغلىغان دىخان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقەت قايتىدىن چاقناپ، قۇتۇلدۇڭ سەن ئاسارەتتىن،
تۇمەن مىڭلاپ جاپاكەشلەر ئازات ئەمدى جاھالەتتىن،
زۇلۇم ئىسكەنجىسى گۇم بوپ ئامان قالدىڭ قاباھەتتىن،
ئېلىپ سەن كەڭ تاشا بەھرى بۇگۇن ئىللىق ھارارەتتىن،
تېخىمۇ ياشنىدىڭ كۇلدىڭ، ساڭا باقتى زامان، دىخان.

زامانغا ئىشتىياق باغلاپ ھامان قەلبىڭنى پاك قىلدىڭ،
بېرىپ تېزدىن كوتەردىڭ قەدراسا كوڭلىڭنى شات قىلدىڭ،
چېپىپ كەتمەن زىرىكمەي چول - جەزىرىنى ئاۋات قىلدىڭ،
ئۇتۇپ كەتكەن كالامى ئىشنى يىغىنچاقلاپ ساۋاق قىلدىڭ،
ئويۇشقان چىڭ ئۇيۇل تاشتەك، كۇرەشتە قەھرىمان دىخان.

سۇيۇڭ كەۋسەر، زىلال، زۇمرەت، سىماپتەك، ئوركىشى ئويناق،
كوپەيدى ھەسسىلەپ چارۋاڭ، كى تار كەلدى ئېتىز يايلاق،
بۇگۇنكى تۇرمۇشۇڭ كاتتا، يېزاڭ مەمۇرچىلىق، قۇۋناق،
كورۇپ ھۇسنۇڭنى بولدۇممەن سېنى كوي - نەزمىگە قاتماق،
ۋەتەن ئىشقىدا قەلبىڭ ئوت بولۇپ يالقۇنلىغان دىخان.

تولۇپتۇ چاقنىتىپ كوزنى بېغىڭ گۇل، نازۇ - نىمەتكە،
كىرىپتۇ قايتىدىن كوركەم، چىرايلىق زىبۇ - زىننەتكە،
خەزەر سالسام بۇگۇن كەنتىڭ راسا ئوخشاپتۇ جەننەتكە،
دىلى مەپتۇن بولار ھەركىم كېلىپ كورسە ساياھەتكە،
ھالال ئەمگەك تېرىڭ ھەرگىز بىكارغا ئاقمىغان دىخان.

راسا ئىشلەش چېغىنىڭ چىلىق توت ئوغاق، كەتمەن ۋە ئاراڭنى.
ۋەتەنىمنىڭ بەختىچۈن ئىشلەت جىمى كۈچ ئىقتىدارىڭنى،
باياشات ئىلكىدە ئوتكۈز، پۈتۈن ئومرۈڭ باھارىڭنى،
تونۇپ يەتتى بىلىم ئەھلى سېنىڭ قۇدرەت كاماللىڭنى،
يازارمەن قايتا توھپەڭنى، يېڭى شوھرەت قازان دېخان.

ئىلىمگە ئىجتىھات ئەيلە ئۇ ئوچمەس نۇر چىراق مەڭگۈ،
تاراپ ھەريان ئاقار زۇمرەت سۈيى پۈتمەس بولاق مەڭگۈ.
ئۈنىمگىدىن ئايرىلار بولساڭ، گۈزەل ئىقبال يىراق مەڭگۈ،
ئوتۇپ كەتكەن نى قىسمەتلەر ساڭا بولسۇن ساۋاق مەڭگۈ.
تىرىپ ئىلمى ئۇسۇلدا يەر يارات توھپە هامان دېخان.

سېنى كۈيلەش ماڭا ھەقلىق كۈمۈشتەك چەشلىرىڭ تۇرسا،
ۋەتەننى گۈللۈتۈش قەرزىڭ ئۇلۇق ئىستەكلىرىڭ تۇرسا،
غەيۇر روستىمى داستاندەك تۇمەنىمىڭ مەرتلىرىڭ تۇرسا،
گۈزەل ئەخلاق، ئىناقلىق ھەم ئېسىل خىسلەتلىرىڭ تۇرسا،
سېنىڭ بىرلە ھامان ئەسماپ ① ئوتەرمەن مېھرىبان دېخان.

ئەقىدەم شۇ: سېنىڭ بىرلە ئۇلۇغ مەنزىلگە ئاتلاندىم،
ئومۇرلۇك سەپدىشىڭدۇرمەن، ساڭا دىلداش بولۇپ قالدىم،
بىلىمنى باغلىدىم مەھكەم، سەپەردە ئالغا ئات سالدىم،
قوبۇل قىلغىن بۇ نەزمەمنى، سېنىڭدىن ھال سوراپ يازدىم.
شۇڭا بۇ كۈيلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى راۋان دېخان.

1980- يىل، باي

① ئەسماپ—سوھبەتداش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى

# پارتىيەم

ئۇرغىدى دىلدىن مۇھەببەت كويلىرىم ئىلھاملىرىم،
شۇ ئۇلۇغ نامىڭنى تىلغا ئالغىنىمدا پارتىيەم.
جۆر بولۇپ ئېيتار غەزەل گۈلشەندە بۇلبۇل زوق بىلەن،
سېنى كۈيلەپ تەمبۇرىمنى چالغىنىمدا پارتىيەم.

كوپ ئەسىرلەر قاپلىغان بۇ جانىجان تۇپراقنى جۇت،
قايغۇ ھەسرەت، دىل ئەلەملەر ئەلنى باسقان شۇ قەدەر.
سەن شۇ چاغ چاقتىڭ رەھىمسىز شۇم ئاسارەت تەختىنى،
شۇندىلا تاپتى ھايات خەلقىم قۇچۇپ شانۇ-زەپەر.

سەن ئىلىپ كەلگەن باھاردىن بارچە گۈل ئاچتى چېچەك،
شۇ باھارنىڭ شاتلىقىدىن ئېپ ھوزۇر قاندى يۈرەك.
ياڭرىدى ئالقىش سادا زاۋۇت، شەھەردىن-يېزىدىن،
قالمىدى دىللاردا ئارمان بولدى ھەل ئارزۇ-تىلەك.

باشلىدىڭ بىزنى بۈگۈن شانلىق زەپەرگە پارتىيەم،
ئەڭ يېڭى پارلاق دەۋرگە تاشلىدۇق دادىل قەدەم.
شائىرىڭ ئىلھامچىسى سەن كەشپىياتنىڭ مەنبەئىسى،
شوخ بۈگۈن كۈلدى قاقاھلاپ مىڭلىغان ئېرىپ، سەنەم.

سەن يېتىلدىڭ ھەر كۈرەشتە جەڭگىۋار قورغان بولۇپ،
تەڭدىشىڭ يوق، دەۋرىمىزدە ئۈزۈرىماس قالقان بولۇپ.
ھەق ئادالەت غەزىنىسى سەن،خىسلىتىڭ ئاندىن ئېسىل،
تەرىپىڭ ياڭرايدۇ مەڭگۈ تىلدا بىر داستان بولۇپ.

1979 - يىل، باي

# نىم شېھىتنى ئەسلەپ

نىم شېھىت بۇلبۇل ئىدىگەن زوق بىلەن سايرايدىغان،
ئوت يۈرەك شائىر ئىدىڭ ئەل بەختىچۈن قاينايدىغان،
قامچىسىز تولپار ئىدىڭ جەڭگاھ ئارا ھارمايدىغان،
قۇچمىساڭ شانۇ-زەپەر جەڭدىن ھامان قايتمايدىغان،
بىر ئىسىل ئىنسان ئىدىڭ ۋىجدانىنى پاك ساقلايدىغان.

ئىلمى-ھىكمەت قەدرىگە سەن ئىلگىرى يەتكەن ئىدىڭ،
مەرىپەت يولىنى ئىزدەپ كۆپ جاپا چەككەن ئىدىڭ،
"يوق گۈزەل يار پەن-بىلىمدىن ئۆزگە" دەپ ئۆتكەن ئىدىڭ،
پەن گويا بولسا دېڭىز سەن ئۈندىكى يەلكەن ئىدىڭ،
جۈپ كوزۇڭ چولپان ئىدى كەلگۈسىنى كوزلەيدىغان.

ۋەتىنىم قوينىغا تامغاچقا سېنىڭ كىندىك قېنىڭ،
تەۋرىمەي قايناق كورەشكە ئىنتىلىپ تۇردى تېنىڭ،
تىلدى شۇم رەزگى رەقىپنىڭ باغرىنى ئۆتكۈر تىلىڭ،
تۇرسىمۇ يەلكەڭدە تاغلار تالمىدى ھېچبىر بېلىڭ،
مەرت ئىدىڭ جەڭدە قەلەمنى زۇلپىقار ئەيلەيدىغان.

تەلۋىلەر بىر چاغ سېنى ئۆز يېنىغا تارتقان ئىدى،
غەرەزىنى بىر ئىسىل چۈمپەردىدە ياپقان ئىدى،
ئۇ ساڭا ئەپلەپ قورۇلغان شۇم نىيەت قاپقان ئىدى،
يىرتىمىغىڭ ئۇل شۇم نىقاپنى سەندىكى ۋىژدان ئىدى،
تەگدى دەل ئوق بوپ جاۋابىڭ ئارقىغا يانمايدىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىگە زور ئۈمىتنى باغلىدۇق،
شۇم نىيەت بولغۇنچىلەرنى ۋەھشى دۈشمەن چاغلىدۇق،
تەگسىمۇ ئەجەل ئوقى ئاناڭ سۈتىنى ئاقلىدۇق.
گاڭ قانات سۇمرۇغ بولۇپ تىك چىققىلاردىن ھالقىدۇق،
ئىنقىلاپ بورانلىرىدا تاغ ئىدىڭ كوچمەيدىغان.

«ئارمىيە داموللا» دەيتتى سېنى ئەل-يۇرت سۆزلىشىپ،
شۇ نامىڭ قالغانتى دىلدا تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ،
قوردۇشۇڭ، ئولپەتلىرىڭ كەلسە يېنىڭغا مۆكىدۈشۈپ،
ئاتقۇزاتتىڭ قانچە تۈننى دەۋرىمىزنى كۈيلىتىپ،
قالدى ئىز سەندىن يۈرەكتە مەڭگۈ نۇر چاقنايدىغان.

سەن ئىدىڭ ھۆرمەتكە لايىق يۇرتىمىزنىڭ ھاجىسى،
يازغىنىڭ مەزمۇنغا باي شېرىيەتگۈل تاجىسى،
ئۆز ئانا يۇرتۇڭ ئىدى بۇ ياغ بۇلاق باي ناھىيىسى،
شەھىدىم ياتقىن تىنچ، بىزلەر ئىشىڭنىڭ ۋارىسى،
كەلدى پۇرسەت سەن ئۈچۈن بىز كەڭتاشا سۆزلەيدىغان.

1980 - يىل، باي

## ياغ بۇلاق①

ئىدى ئېزىز يۇرتۇم گۈزەل باي ھور ماكانىم ياغ بۇلاق،
نۇرلۇنۇپ ئاشتى چىراي سەندە ھاياتىم ياغ بۇلاق،
ياشنىدى گۈللەپ تېخىمۇ گۈل باھارىم ياغ بۇلاق،
ئەلگە داڭلىق زەپ چىرايلىق سەن دىيارىم ياغ بۇلاق،
سەن بىلەن چىققاي ئەبەتكە دىلخۇمارىم ياغ بۇلاق.

---

① ياغ بۇلاق — باي ياغلىق زىرائەتلەر كۆپ تېرىلىدىغانلىقى ۋە ياغدا جايلارنى كۆپ تەمىنلىگەنلىكى بىلەن مەشھۇر

× ×

ئوتمۇشۇڭ دوزاق ئىدى باسقان سېنى كۆلپەت ـ ئازاپ،
دەرت چېكىپ، ئاچچىق يۇتۇپ ئۆتكەنتى خەلقىڭ بەك خاراپ.
كوپ زامان ئۇنىسىز ئەلەمدە تولغۇنۇپ ئاققان مۇزات ①
ئاھ!دىگەن ھەسرەتتە قۇللار تەلمۈرۈپ تاڭغا قاراپ،
قىلدى پايمال سەن ئېزىز يۇرتۇمنى، زالىم ياغ بولاق.

× ×

كەتتى تۈن كەلمەسكە ئەمدى تاڭ قۇياشى پارلىدى،
چۈمدى دىل شاتلىققا شۇدەم دىلدا ئەرمان قالمىدى،
يېڭى باغنىڭ بۇلبۇلى خەندان ئۇرۇپ شوخ سايرىدى،
سىغمىدى تەنگە خۇشاللىق كوڭلۇمىز زەپ يايرىدى،
كۈيگە قاتسام مەن سېنى ياڭراق ئەۋازىم ياغ بۇلاق.

توت گىزەندە جويلۇشۇپ تارىخنى ياندۇرماق بولۇپ،
مەرىپەت ئەھلىگە قىلتاق يوشۇرۇن قاپقان قۇرۇپ،
بۇرمىلاپ ھەقنى «ناھەق» دەپ كاپشىدى كوزنى يۇمۇپ،
پارتىيە بەردى جازا دەل ۋاقتىدا قاملاشتۇرۇپ،
كەڭ قۇچاق ئاچتى ساڭا بۇ ھور زامانىم ياغ بۇلاق.

ئەڭ يورۇق مەنزىلنى كوزلەپ توختىماي قىلدىڭ يۈرۈش،
بۇ ئۇلۇغ سوتسىيالىزىمدا ساڭا ئامەت كەلدى قوش،
بولدى شانلىق غەلبەگىدىن بارچە دۇشمەنلەر بىھۇش،
بارىكاللا ئېيتتى خەلقىم چىن يۈرەكتىن بولدى خوش،
كوكسى-قوينۇڭ خۇددى جەننەت لالىزارىم ياغ بۇلاق.

---

① مۇزات ـ بايدىكى دەريا ئىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئۆزگەچە جانلاندى كوركەم شات چىمەن ئايماقلىرىڭ،
بولدى رەڭدار ھەممە گۈلزار كەڭ يېزا - يايلاقلىرىڭ.
ياقتى كوڭلۈمگە ھەسەلدەك مايى، قىمىز، قايماقلىرىڭ.
ئاتلىنىپ كەتتى سەپەرگە قەھرىمان پەرھاتلىرىڭ،
سەن يېڭى شانلىق سەپەردە جەڭگىۋارىم ياغ بولاق.

ياڭرىتىپ نامىڭنى كۈيلەپ زوق بىلەن نەزمە تىزىپ،
كورسىتىپ ئەلگە تالاي توھپەڭنى سۈرەتلەپ سىزىپ،
ئالدۇراي تارىخ ئىزىڭدىن شېئىر، قوشاق داستان يېزىپ -
چىڭ تۇتۇپ ئوتكۇر قەلەمنى شۇم رەقىپ باغرىن تىلىپ،
مەن بولاي ئوغلۇڭ شېھىتتەك شائىر، ئالىم، ياغ بولاق.

ئالغا باس دەۋرىمگە لايىق زور شەرەپشانلار قۇچۇپ،
ئىلمۇ - ئىرپان يولىدا تېز ئورلىگىن ئوقتەك ئۇچۇپ،
بەيگىگە كىردىم، كىرىپ كوكرەك، ساڭا ھەمدەم بولۇپ -
يەتتە قات كوكتىن ئالارمىز ئاخىرى ئاينى يۇلۇپ،
ساڭا بولسۇن بۇ مۇخەممەس يادىگارىم ياغ بولاق.

1979 - يىل، 8 - ئاي

# دەۋرىم شەنىگە

ئىسسىت دەيمەن شۇ ئۇمرۇمگە كورۇپ مەن بىر كارامەتنى ،
ۋەتەن چېھرىدە شات كۇلكە يېڭى كوركەم قىياپەتنى .

ئوتتۇپتۇ بىر مەھەل ئۇمرۇم بەختىنىڭ پەيزىنى كورمەي ،
تولا تارتتىم ھاياتىمدا ھىساپسىز تىل ـ ھاقارەتنى .

كوزى كور رەھىمسىز تارىخ ئىزىپ باغرىمنى خۇن قىلدى ،
قاچان ئۇنتاي جېنىمغا شۇ جاپا سالغان جاراھەتنى .

ئەگەر يەتـە مېنىڭ قۇربىم يازار بولسام بىرەر دىۋان ،
تىزىپ نەزمە يېشىمدىن تولدۇراتتىم نەچچە مىڭ بەتنى .

ھامانەم سەۋرىمىز چەكتىن ئېشىپ ، دىلدا غەزەپ ئورلەپ ،
لەھەتكە يوللىدۇق ئاخىر قىلىپ گۇم ئول جاھالەتنى .

قاباھەت ياۋ بىلەن كەسكىن ئېلىشتۇق نەچچە رەت ھارماي ،
بوسۇپ كۇرمىڭ توساقلارنى كى تاپتۇق بۇ ئادالەتنى .

مىرات-مەقسەتكە يەتكەندە چۇمۇلدى زور ھاياجانغا ،
ئېلىپ دىخان ئاكام تاغدەك ھوسۇل ھەم كوپ دارامەتنى .

ھەقىقەت پارلىدى كۇندەك كوڭۇلنى شادىمان ئەيلەپ ،
جاپا چەكسە ئەگەر كىم كوپ ئوزى كوردى ھالاۋەتنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانا تۇپراقنى قوغداشتا ھامان تورسۇن پىداكار بول ،
ياراتقىن ئەل ئۈچۈن توھپە يېگىپ مۇشكۇل - مۇشەققەتنى .

كۆمۈش‌تەرتوك بۆگۈن سەندىن ۋەتەن، ئەل كەڭرى نەپ ئالسۇن،
چىقارغىن كورسىتىپ ئەلگە ھۈنەر - سەنئەت، ماھارەتنى .

مەگەر تېچ، ئىتتىپاقلىقنىڭ تەشەببۇس جارچىسى بولساڭ ،
قۇچارسەن شان-شەرەپ چىنىك تۇت ، دىلىڭدا بۇ ھەقىقەتنى .

غوپۇر راخمان

# ئانا ئۇمىدى

ئۇلۇق سەپكە ئۇزاتقانىدىم جان بالام،
"ئەل ئىشقىغا چىن مۇھەببەت باغلا" دەپ.
"جەڭ كۈرەشىنىڭ يالقۇنىدا ئۇزۇڭنى،
خۇددى ئالماس ـ پولات ئوخشاش تاۋلا" دەپ.

"قەدىرلىمىسەڭ جان ئاناڭنىڭ مېھرىنى،
بەڭۋاشلىقنى مەڭگۇ ئارتقا تاشلا" دەپ.
بېسىپ باتۇر قەھرىمانلار ئىزىنى،
دائىم ئالغا قاراپ غۇلاچ تاشلا" دەپ.

"ۋەتەن، خەلق بەرگەن پولات قورالنى،
تۇتۇپ مەھكەم قايناق جەڭلەر باشلا" دەپ.
"بەختىمىزگە قول ئۇزاتقان دۇشمەنىنىڭ،
قانغا تولغان كوزلىرىنى ياشلا" دەپ.

"بىپايان كەڭ چېگرىسىنى ۋەتەنىنىڭ،
هەردائىما ياۋدىن ئامان ساقلا" دەپ.
خەلقىمىزنىڭ ئۇمىدىنى ـ بۇرچىنى،
ئوغلۇم ئىسسىق قېنىڭ بىلەن ئاقلا" دەپ.

× ×

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مانا بەش يىل ئۆتتى بۇگۇن جان بالام،
كەتكىنىڭگە گۈل يېزادىن ئايرىلىپ.
ئايلىنىپەن بىر ئاۋانگارت جەڭچىگە.
جەڭ ـ كۆرەشنىڭ قاينىمىدا تاۋلىنىپ.

ئۆتكۈزۈپەن ئەشۇ قۇتلۇق بەش يىلنى.
ماكان تۇتۇپ قار ـ بورانلىق چوققىنى.
ئەسلىتەركەن بەستىڭ سېنىڭ ھەر قاچان،
خۇددى يېشىل قارىغاينىڭ تۇرقىنى.

قىلىپ بارچە دىققىتىڭنى مۇجەسسەم.
تىك چوققىدا دائىم ھوشيار تۇرۇپەن.
چېگرىمىزغا خىرس قىلغان رەقىپنىڭ.
كۆكرىكىگە خەنجىرىڭنى ئۇرۇپەن.

مانا بىزنىڭ مەھەللە ھەم ئۆيگىمۇ.
يېتىپ كەلدى ئوغلۇم سېنىڭ تەرىپىڭ.
داستان بولدى يۇرت ـ جامائەت ئاغزىدا.
ۋەتەن ئۈچۈن ياراتقان شان ـ شەرىپىڭ.

ئەشۇ ئىشچان لايىقىڭمۇ بۇركۈتۈم،
چىن قەلبىدىن رازى شۇدەم سېنىڭدىن.
ئۆيىمىزگە كېلىپ قىزغىن ھال سوراپ،
خەۋەر ئېلىپ تۇرار ھەر كۈن مېنىڭدىن.

كۆتەر ئوغلۇم يەنە كۆرمىك سىناقلار،
شۇڭا قەيسەر، ئىرادىلىك بول ھامان.
ئەل بەختىنى پۈكۈپ ئوتلۇق دىلىڭغا،
سەن تېخىمۇ كۈچ، ئەقىلغا تول ھامان.

1981 ــ يىل دانۋار، كۇچار

## ئۈندەيدۇ

(بىر پىشقەدەم شائىرغا بېغىشلايمەن)

ئىجاتكار روھىڭىز ھەردەم مېنى ئۆرلەشكە ئۈندەيدۇ،
يېڭى نۇرانە پەللىنى ھامان كوزلەشكە ئۈندەيدۇ.

مېڭىپ مەھمۇت، يۈسۈپ، لۇتۇن،شېھىتنىڭ① ئىزىنى بويلاپ،
ئېلىم ـ پەن باغىدا بۇلبۇل بولۇپ ئۇنلەشكە ئۈندەيدۇ.

ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ سەپداش قەلەم ئەھلى بىلەن دائىم،
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭى كۆرەشكە ئۈندەيدۇ.

رەقىپلەر ئەيلىسە گەر قەست بۈيۈك بىرلىكنى بۇزماققا،
قىلىپ قەلەمنى تىغ ـ شەمشەر بېشىن ئۈزۈشكە ئۈندەيدۇ.

ھەمىشە ئەلنى يېتەكلەپ مەرىپەت يولىدا ئالغا،
جاھالەت دەشتىنى پەرھات بولۇپ گۆللەشكە ئۈندەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

زامانغا ئىشتىياق باغلاپ ئەبەتكە چىن يۈرەك ـ دىلدىن،
ئېزىز خەلقىمگە زوق ئىلھام بېرىپ كۈيلەشكە ئۈندەيدۇ.

ئىدىم تەشناكى سىز دەك بىر چىۋەر باغۋەننى تاپماققا،
بۇ قەلبىم سىزگە پەرۋانە بولۇپ ئوتتۇشكە ئۈندەيدۇ.

مىرادىم بولغۇسى ھاسىل ياراتسام سىز كەبى مەھسۇل،
شۇ مەھسۇل ئىشقى جانىمنى يىــدا ئەيلەشكە ئۈندەيدۇ.

1981- يىل مارت، كۇچار

## ئىشچى يارىمغا

تەرىپىڭنى ئاڭلاپ ئامرىغىم
ئىش ـ ئىزىڭنى كورگىلى كەلدىم.
ئەشۇ بىرجۈپ ئىشچان قولۇڭنى،
قىسىپ مەھكەم سۈيگىلى كەلدىم.

سەن مېڭىپسەن سەپنىڭ ئالدىدا،
نەمۇنىچى بايراقدار بولۇپ.
يېڭى ئۈزۈن سەپەر يولىدا،
تېخىمۇ زور قۇۋۋەتكە تولۇپ.

قەدىرلەپسەن ۋاقىتنى شۇنچە،
ئالتۇندىنمۇ ئەتىۋا بىلىپ.
ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ ھەرچاغ،
مېڭىپسەن توسقۇن باغرىنى تىلىپ.

تاماملاپسەن يىلنىڭ ئىشىنى،
يىلنىڭ يېرىمى تۈگىمەي تۇرۇپ.
كورۇپ سېنىڭ توھپەڭنى شۇدەم،
ئىلھاملىرىم تاشتى جۇش ئۇرۇپ.

ئېغىزلاردىن - ئېغىزغا كوچۇپ،
تىللاردا نامىڭ داستان بولۇپتۇ.
سېنىڭ قولۇڭ تەككەنلا يەردە،
خۇشپۇراقلىق گۈللەر ئۈنۈپتۇ.

ماختايدىكەن ئىشچىلار سېنى،
«ئىستانوكچى ئۈلگىلىك قىز» دەپ.
«ھەر بىر ئىشتىن ئاتقۇزۇپ چېچەك،
قالدۇردى ئوچمەس شەرەپلىك ئىز»دەپ

سېنى ئۈلگە قىلىپ زاۋۇتتا،
سىڭىللار ئارا قىزىپتۇ بەيگە.
ساڭا يېتىشمەك ئۈچۈن ئىشچىلار،
ئىشلىمەكتە چۈمۈلۈپ تەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىدىڭ ئامرىغىم ئەشۇ ئاخشىمى؛
«جاپالىق ئىشلەش شەرەپتۇر ماڭا.
قانائەتنى تاشلاپ يىراقتا،
زەپەردىن سوۋغا تۇتىمەن ساڭا.

زاۋۇتتا رىشتىم باغلانغان مەھكەم،
كورىمەن خۇددى سىنى كورگەندەك.
ئىستانوكنى سۆيىمەن قىزغىن،
ئوتلۇق دىلىمدىن سىنى سۆيگەندەك.

توتلەشكەن كۈچلۈك ۋەتەن قۇرۇشقا،
بارلىغىمنى ئاتىدىم يارىم.
بەختىيار ـ پارلاق ئەتىنى كوزلەپ،
جەڭگىۋار قەدەم تاشلىدىم يارىم»

سىنىڭ ھەر بىر گەپ-سوزۈڭ ماڭا،
ھەجەپ يېقىملىق، شىرىن تۇيۇلدى.
يۈرۈگۈمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا،
گوياكى نەقىش بولۇپ ئويۇلدى.

چۈمۈلدۈمەن زاۋۇتتا چەكسىز،
تەسىراتىنىڭ قايناملىرىغا.
بارىكاللا دەيمەن سىلەردەك،
دەۋرىمىزنىڭ پالۋانلىرىغا.

مەنمۇ باشقىچە باغلاپ ئىرادە،
كوزلەيمەن سەندەك غايە ـ نىشاننى.
چىن ئەقىدە باغلاپ ئىشىمغا،
قۇچىمەن چوققۇم غەلىبە ـ شاننى.

ئىلىم ـ پەننىڭ بېغىدا هارماي،
ئورلەيمەن يۇكسەك چوققىغا قاراپ.
يارىتىپ يېڭى ئىجات ـ موجىزە،
ئامرىقىم ساڭا بېرىمەن جاۋاپ.

1979 ـ يىل ئاپرېل ، كۇچار

## تارىمغا

تارىم دەريا ، لېۋىڭدىمەن شۇ تاپتا،
ئاقماقتىسەن دولقۇنلۇنۇپ ـ شۇخلۇنۇپ.
مەپتۇن بولۇپ قاش تېشىدەك سۇيۇڭگە،
قاراپ قالدىم تويماي ئەجەپ زوقلۇنۇپ.

باغۇ ـ بوستان ساھىلىڭغا كوز تىكىپ،
پۇتمەس ئىلهام بۇلىقىغا چۇمۇلدۇم.
سېنى گۇلزار قىلغان مەرتلەر ئەجرىدىن،
رازى بولدۇم ، چىن دىلىمدىن سويۇندۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

دەۋرىمىزنىڭ پەرھاتلىرى ئەجرىدىن،
زەپمۇ خۇش بوي گۈل ـ چېچەككە تولۇپسەن.
توز قۇشىدەك تولۇپ ھوسنى ـ جامالىڭ،
بىر چىرايلىق نۇرلىنىپسەن، كۆلۈپسەن.

قاراپ تۇرسام بىر توپ خوشال يىگىت ـ قىز،
يولنى بويلاپ داقا ـ دۇمباق چېپ كەلدى.
تەنتەنىگە ئۇسۇل ئويناپ شات ـ خورام،
مول ھوسۇلدىن خوشخەۋەرلەر ئېپكەلدى.

ئەسىرلەردىن چاڭقاپ ياتقان چۆللىرىڭ،
تولدى بۈگۈن مول ھوسۇلغا، چېچەككە.
سايراپ سېنىڭ گۈل بېغىڭدا بۇلبۇللار،
زوق بېغىشلار سانسىز ئوتلۇق يۈرەككە.

كوز يەتكۈسىز كەڭ داللار قوينىدا،
پولات ئاتلار ھەيۋەت بىلەن چېپىشار.
بەختى كۈلگەن ئەمگەكچىلەر شاتلىنىپ،
پارتىيىگە ھىممىتىنى ئېيتىشار.

ئىشلىگەچكە پەن ـ ئېلىمنى قورال قىپ،
بوي بەرمەستىن تەبىئەتنىڭ رايىغا؛
پايانسىز كەڭ ۋادىلىرىڭ ـ بويلىرىڭ،
ئايلانماقتا ئاشلىق، پاختا كانىغا.

مال ـ چارۋىدا تولغان سېنىڭ كەڭ قوينۇڭ ،
ئاشۇ باتۇر چارۋىچىلار قولىدا .
گۈللەنمەكتە يېزا ، يايلاق ـ قىرلىرىڭ ،
تۇرغاچقا چىڭ سوتسىيالىزىم يولىدا .

تارىم دەريا ، ئاقتىڭ سەنمۇ باشقىچە ،
شەربىتىڭدە كەڭ دالانى قاندۇرۇپ .
ساڭا باققان تۈمەنلىگەن يۈرەكنىڭ ،
چىن مۇھەببەت ئوتلىرىنى ياندۇرۇپ .

سەن توختىماي دولقۇنلۇنۇپ ئاققاندەك ،
توختاتمايمىز گۈل بويۇڭدا كۈرەشنى .
باشلىۋەتتۇق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ،
مانا بۈگۈن غالىپ ، ئۇزۇن يۈرۈشنى .

1982 ـ يىل، تارىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر ھەسەن

# ئۈچتۇرپان

سەيرى ئەتىپ سامادا ئۇچۇۋاتقان ئۈچتۇرپان،
سەپەرلەردىن زەپەرلەر قۇچۇۋاتقان ئۈچتۇرپان .

ئەچىپ كەۋسەر سۇيۇڭنى ،قىسىپ چوغدەك گۈلۈڭنى ،
قاتتىق قوشاق كۈيۈڭنى سايراۋاتقان ئۈچتۇرپان .

تۇت دىۋارىڭ ئاقۋاش تاغ ، باغرىڭ گۈزەل چىمەن باغ،
ھوسنۇڭ ئوتقاش باھار چاغ قايناۋاتقان ئۈچتۇرپان .

توققۇز بۇلاق جامىڭ بار ، مىسلى جەننەت باغىڭ بار ،
پۈتمەس ئاشلىق كانىڭ بار تىلدا داستان ئۈچتۇرپان .

چېگرادىكى پەھلىۋان ، ياۋغا مىقتەك سانجىلغان ،
جەڭدە غالىپ مۇستەھكەم پولات قورغان ئۈچتۇرپان .

ئەيلەپ سامادا دۇلدۇلى ، ئۇرۇپ ناۋا بۇلبۇلى ،
تۇتتە يۈكسەك مەنزىلگە قانات قاققان ئۈچتۇرپان .

تاغدا كوپتۇر بايلىغىلىق ، چەكسىز يېشىل يايلىغىلىق ،
ئويىنار قۇلۇن ، تايلىغىڭ ، ياشناۋاتقان ئۇچتۇرپان .

كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك ، چاقناپ تۇرغان يولتۇزدەك ،
سىم چىراقلار مەشئەلدەك نۇرلار چاچقان ئۇچتۇرپان .

قەد كوتەردى زەپ ھەيۋەت، ئاسمان پەلەك ئىمارەت ،
يۈكسەلمەكتە سانائەت پەرۋاز ئۇرغان ئۇچتۇرپان .

مەرمەر كەبى يوللىرىڭ،نۇرغا چۈمدى بويلىرىڭ ،
قىزىپ كەتتى تويلىرىڭ كۈلكەڭ خەندان ئۇچتۇرپان .

بازارلىرىڭ زەپ ئاۋات ، نېمەتلىرىڭ قەن - ناۋات ،
ھور بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ئۇچتۇرپان .

سوزسا ئىبلىس قولىنى ، ئويۇپ شۇمنىڭ كوزىنى ،
قوغداپ باھار ۋەسلىنى ، ئالغا ئۇچقان ئۇچتۇرپان .

مىللەتلىرىڭ چوغ يۈرەك ، مەڭگۈ تالماس گاڭ بىلەك ،
گويا پەرھات - شىرىندەك زەپ مېھرىۋان ئۇچتۇرپان .

ئۇچقىن، مەڭگۈ ئىگىز ئۇچ! يۈكسۈلۈشتىن تاپقىن كۈچ ،
ئىلىم - پەندە زەپەر قۇچ ، قىلىپ جەۋلان ئۇچتۇرپان .

1962 - يىل، گوكتەيەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەجىر ئەزىم

ئەپار چاچقان چىچەكلەردىن سورىسامەن :
— شىرىن پۇراق، ئېسىل رەڭگى ئالدىڭ نەدىن ؟
دىدى چىچەك مەغرۇر كۈلۈپ جاۋاپ بېرىپ :
— ئالدىم ئىشچان مەرتلەر تۆككەن كۈمۈش تەردىن .

سەيرى ئەتسە سامما ئارا سۈنئى يۇلتۇز ،
ھەۋەس بىرلە قاراپ قالدۇق بىھىساپ كوز .
كەلدى شۇ تاپ سۈنئى يۇلتۇز خۇش ساداسى ،
« يارالغانمەن ئالتۇن تەردىن » دىگەن بىر سوز .

يىشىللىققا پۈركۈنۈپتۇ كەڭ كائىنات ،
گۈلزار ئارا تۇرار بىنا قاتار، قات ـ قات .
ئەجىر ـ مېھنەت كامىل ئىكەن جىمى ئىشقا ،
پۈتەر ئىكەن ئۇنىڭ بىرلە زور كەشپىيات .

بىلدىم ، تەردىن چىچەك پۇراق چاچار ئىكەن ،
سامما ئارا يۇلتۇز مەغرۇر ئۇچار ئىكەن .
ئىشچان تەرى ـ ھايات گۈلى ئەجىر ئەزىم
شۇڭا دىيار مەڭگۇ ياشناپ تۇرار ئىكەن .

1981 ـ يىلى ماي ، ئۇچتۇرپان

## سۈيۈندۈم

دىلغا ئىلهام كۆچ بەرگەن باهارىمدىن سۈيۈندۈم ،
شۇ باهارىم ياشناتقان ئېتىۋارىمدىن سۈيۈندۈم .

بىلىم ئەهلى قاھ - قاھلاپ، داۋان ئاتلاپ يول باشلاپ ،
تونتە يۈكسەك پەللىگە بارارىمدىن سويۈندۈم .

ئاتلاپ ئۆزۈن سەپەرگە ، ئىگە بولدۇم زەپەرگە ،
جەۋلان قىلىپ ئورلىگەن قاتارىمدىن سۈيۈندۈم .

كىچىسىمۇ كۈندۈزدەك ، يەرگە يۇلتۇز كوچكەندەك ،
چاقناپ تۇرغان مەشئەلدەك دىيارىمدىن سۈيۈندۈم .

گۈزەللىكنىڭ كانى بوپ خۇشپۇراقلار تارقاتقان ،
چېچەكلىگەن رەڭمۇ-رەڭ گۈلزارىمدىن سۈيۈندۈم .

1980 - يىل ، باهار

## كەلدىم

غازىيانە قەدىم ئاقسۇ لىۋىڭگە سۆيگىلى كەلدىم،
ئەزىزانە دىۋارىڭنى كوزۈمگە سۈرگىلى كەلدىم .

ئىلىك ئەتسەڭ مۇرادىم ھەل ، يېتەر باشىم ساما - كوككە،
ئەرك ئـوغلۇڭ قاتارىمەن سالامىم بەرگىلى كەلدىم .

ۋاراقلاپ مول بويۇك قامۇس سېنىڭ تارىخ كىتاۋىڭنى،
ئۇزاق ئوتمۇش، يىراق كەلمىش سىماسىڭ كورگىلى كەلدىم .

ۋەتەن-ئەلنىڭ پىراقىدا ئۇلۇغ يالقۇن بولۇپ يانغان
ئەبەت ئۇچمەس سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا كويگىلى كەلدىم .

داۋا دەرتكە ، شىپا تەنگە ، گۇلىستانىڭ تۇتىياسى ،
ئابىھە زەم - زەم سۇلىرىڭنى بەھوزۇر ئىچكىلى كەلدىم

نەزمەڭگە زىل بولۇپ تەڭكەش ، كەبى بۇلبۇل ئۇرۇپ خەندان،
ئىپار بويلۇق باھارىڭنى ناۋاغا قاتقىلى كەلدىم .

مىسلى جەننە تۇلمەئۋا ، مىسلى ئالتۇن، كۇمۇش، ياقۇت •••
جاۋاھىرلىق ماكانىڭدىن دۇر - زەرلەر قازغىلى كەلدىم .

ئەزىم تارىم، قەدىم مىڭ ئوي، توققۇز ناھىيە ، توققۇز بۇلاق ،
ئەشۇ شوھرەت غورورۇڭنى تاۋاپلار ئەتكىلى كەلدىم .

تاۋاپ ئەيلەپ خاراباتى ، شاكىر ، لوتۇن ، نىم شېھىتنى ،
بولۇپ ۋارىس شېھىتلارغا ئەشئارى يازغىلى كەلدىم .

سېنىڭ ئوتقاش جامالىڭدىن سىزىپ كوركەم ، گۇزەل سۇرەت ،
ئېلىم - ئىرپان بابىغا خۇشبۇي گۇللەر تىزغىلى كەلدىم .

يىتەرمەن شۇل نىيەتىمگە باشپانا چىن يولەك بولساڭ ،
پەۋەس بەيگە ماكانىڭدا كاراپتەك ئوزگىلى كەلدىم .

1982 - يىل ئىيون، ئۇچتۇرپان

## پەندىيات

( بىر ئوسمۇرلەر تىلىدىن )

سوزلەپ بېرەي ھېكايەت ،
سوغۇق سۇدىن شىكايەت .
دوختۇرنىڭ سوزىگە ،
قىلىڭ دىققەت ناھايەت .

پۇتبول ئويناپ مەيداندا ،
چىپ - چىپ تەرلەپ ھارغاندا .
ھوزۇرلاندىم ئوستەڭدىن ،
سوغ سۇ ئىچىپ قانغاندا .

يۇرەكلىرىم يايرىدى ،
بەدەنلىرىم سەگىدى .
دەماللىققا بىر راھەت ،
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىدى .

بىراق يېرىم كېچىدە ،
ئىسسىق يوتقان ئىچىدە .
تىپىرلىدىم ئۇخلالماي ،
بىمارلىق ئىچىدە .

ئاۋازلىرىم غىژىلدار ،
كاناي ، بۇرنۇم مىشىلدار .
كوزلىرىمۇ تولىشىپ ،
قۇلاقلىرىم غوڭۇلدار .

بېشىم ئوخشار قاپاققا ،
بويۇم ئوخشار ساپاققا .
كوزلىرىمدىن ياش ئېقىپ ،
قاپلىنىپتۇ چاپاققا .

بەدەنلىرىم ئوت، كاۋاپ ،
تىترەر ئىدىم جاقىلداپ .
ھېچ نەرسىنى سەزمەيمەن ،
ھال - ئەھۋالىم بەك خاراپ .

يىغلاپ كەتتىم چىقىراپ ،
كەتتى ئانام پىقىراپ .
دوختۇر تامان يول ئالدۇق ،
ھايات ئۇچۇن ئالدىراپ .

دوختۇر تاغام تەكشۇردى ،
بالىنى تىقىمۇ ياتقۇزدى .
دورا - دەررمەك ئىچكۈزۇپ ،
ئاسما ئوكول ماڭغۇردى .

دوختۇر دېدى : " ئېنىم سىز ،
سوغۇق سۇنى ئىچىپسىز ،
شۇنىڭ بىلەن زۇكامغا ،
دەرھال دۇچار بولۇپسىز .

ئۇستەڭ سۈيى ساپ ئەمەس ،
مىكرۇپلاردىن پاك ئەمەس .
قاينىقسۇدا مىكرۇپنى
خالاس قىلماق تەس ئەمەس .

ياۋۇز ئاپەت ئاق مىكرۇپ ،
سوغۇق سۇدا شۇنچە كوپ .
ئۇنى رۇشەن كورسۇتەر ،
سىزگە ئالى مىكراسكوپ .

مىكرۇپ قويماس تەننى ساق ،
كېسەللىككە ئۇ ئامراق .
قوزغار كىزىك ، يوتەل ھەم ،
تومار - پوشقاق يەل، قوقاق.

داۋالاندىم بىر ھەپتە ،
بارالمىدىم مەكتەپكە .
راست ئىشەندىم : " سوغ سۇنى ،
ئىچمەڭ " دېگەن بۇ گەپكە .

1982 - يىل، ئۇچتۇرپان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زوردۇن ئىمىر

## مەڭگۇ تۈگىمەس ناخشام

ۋەتەنىنىڭ مېھرىنى كۆيگە قاتقانلىق ،
ئەمەس نام ـ شوھرەتتىن تاما تاتقانلىق .
چۈشەنسەڭ ھاياتتا ئەڭ ئېغىر نومۇس ،
بىكار يەپ ھەركۈنى ئۇخلاپ ياتقانلىق .

ۋەتىنىم مەن سېنىڭ كۆيچى بۇلبۇلۇڭ ،
ئىشقىڭدا سايرايمەن ئەتە ـ يۇ ئاخشام .
كۆيلىسەم مېھرىڭنى قوشاققا قېتىپ ،
تۈگىمەس يۈرەكتىن ئۇرغىغان ناخشام .

1981- يىل، ماي

## ئانا مېھرى

" شات » لىق ئۈستىدە ئېچىلغاندا گەپ ،
قىزاركەن غۇلغۇلا ماختاشلار بىر پەس .
بەزىلەر : " قەن ـ ناۋات » دېسە بەزىلەر ،
دەر ئىكەن: "ھېچنەرسە ھەسەلگە يەتمەس «

مەن دەيمەن تاتلىقتا تېپىلماس تەڭداش ،
ئانىنىڭ ئاق سۈتى ھالال تۇزىغا .
شۇ تاتلىق بەرمىسە ئىنسانغا قۇۋۋەت،
ئوخشاشتۇر بەربىر جانسىز مۇردىغا .

## ۋەتەن مېھرى

« كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە ،
ئۆز يۇرتتا ئۇلتاڭ بول »دەپتىكەن خەلق .
جىكارغا چىقمىغان بۇ ماقال ئەسلا ،
قىل سىغماس ھەق سۆزبۇ داۋلىسى ئېنىق .

مەيلى سەن جاھانىنىڭ ئەركىسى بولغىن ،
تېپىلماس ئۆز يۇرتىنىڭ مېھرىگە تەڭداش.
چۈشەنكى ۋەتەنسىز كورگەن دولىتىڭ ،
توزۇيدۇكى گۈلخان كۆلىگە ئوخشاش .

## تاپتىم

زىمىستان كەتتى دەۋرىمىنىڭ باھار ۋە يازىنى تاپتىم ،
باھاردا خۇشپۇراق چاچقان چىمەنزار باغىنى تاپتىم .

ئۇزاقتىن ئىنتىزار ئەردىم جانان ۋەسلىگە يەتمەككە ،
بۈگۈن يەتتىمكى شاتلاندىم گۈزەل بىرنازىنى تاپتىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمىدىن ئۆتۈپ يىگىتلىكىم پەيزىنى سۈرگەندە ،
ھاياتىمنىڭ ئەجەپ لەززەت خۇشال بىر چاغىنى تاپتىم .

جۇدۇنلار ھۇۋۇلىغان بىرچاغ،يۈرەك بولغان ئىدىزەرداپ،
ياشاردى قايتىدىن كۆڭلۈم شىپالىق دورىنى تاپتىم .

كۆرەشكە چىللىدى دەۋران يورۇق مەنزىلنى كورسەتتى ،
ۋەتەننى توتتە گۈللەشنىڭ بۈيۈك پەرمانىنى تاپتىم .

ئىلىم - پەننى تۇتۇپ ئاشىنا يېڭى جەڭلەرگە ئات سالدىم
ھاياتىمنىڭ ساداقەتمەن ۋاپادار يارىنى تاپتىم .

دىدىمكى شاتلىنىپ شۇندا « بەختلىكسەن ھامان زوردۇن »
ھاياجاندا قەدەم ئالدىم شاپائەت جامىنى تاپتىم .

ئىجات ـ مېھنەت بىلەن مەنمۇ ئىشىمدىن شان قۇچاي ئەمدى ،
قىزىپ مەڭگۈ تۈگىمەسكە مەرىپەت كانىنى تاپتىم .

## جور بولايمەن ناخشاڭغا

جىپايان كەڭ ئىتىزدا بۇلبۇل كەبى سايرايسەن
جاراڭلايدۇ شوخ ناخشاڭ ئەتىدىن تا ئاخشامغا.
يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئىش ـ ئەمگەكتە قاينايسەن،
ئىشتا پىشقان ئەي جانان جور بولايمەن ناخشاڭغا.

پاقىرايدۇ سەھەردە گاڭ كەتمىنىڭ قولۇڭدا،
سۇمبۇل چېچىڭ ياراشقان ھوسىن قوشۇپ بويۇڭغا.
كوكـۇڭدىكى مىدالىڭ كوزلۇرۇمنى چاقنىتىپ،
پاقىرايدۇ ياقۇتتەك ، جور بولايـمەن كۇيـۇڭغا.

ئاڭلاپ سېنىڭ ناخشاڭنى زوقۇم تاشـتى ئەجەپمۇ،
قەلبىم ساڭا تەلپۇندى بارغىم كەلدى قېشىڭغا.
دەيمەن : " بۇيۇك سەپەردە ھەمرا قىلساڭ سەن مېنى،
مەنمۇ قوشسام توھپەمنى شان ـ شەرەپلىك ئىشىڭغا ".

1980 - يىل، ماي

## ئانا سوزى

قۇلاق سال ئى ئوماق ئوغلۇم سوزۇمنى ئاڭلىغىن، پۇتكىن.
بىلىم گۇلزارىدا شاخلاپ پۇراقلىق گۇل بولـۇپ ئوسـكىن.

گۇدەكسەن،نوتا ـ سۇمبۇلـەن مىـالى كۇنگە ئوخشايسەن.
قەددىرلەپ غۇنچە ياشلىقنى ياشاشتا مەنىلىك ئوتـكىن.

توغۇلدۇڭ كوز ئېچىپ چۇنكى ئۇلۇغ جۇڭخۇاغا ئوغلان بوپ.
بۇنى سەن ئوزگە ئامەت دەپ غۇبارسىز شاتلىنىپ كۇلگىن.

بىلىمنىڭ كانىغا كىردىڭ ئۇنى قاز دائىما ھارماي،
ئوسۇپ تېز يۇكسـۇلۇپ ئورلەپ سىنىپلار ئاتلىغىن، كوچكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لېكىن بۇ كەڭرى ئوكيانىدا كوپۈك بوپ لەيلىمە ھەرگىز،
بېلىق بوپ شۇڭغۇغىن، ئۈزگىن ئۈنىڭ سەن تەكتىگە چوككىن.

چۈشەن ھەم پەندە تۈز يول يوق، جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق،
بو يولدا سەن بولۇپ پەرھات قىيىن ئوتكەللىنى بوسكىن.

ئانا يۇرتۇڭنى قوغداشتا ئىتىل ئوقيا بولۇپ ھەر چاغ،
ئەگەر كەلسە ئوقى ياۋنىڭ پۇلات قالقان بولۇپ توسقىن.

ۋەتەننىڭ شاتلىغى ، قايغۇسىغا بول دائىما شېرىك،
ئۇنى قوغداشچۈن تىنماي سىماپتەك ساپ تىرىك توككىن.

ھاياتىڭدۇر ئەمەس چەكسىز ، ھامانە ئولمىگىڭ شەكسىز،
شۇڭا توككەن تىرىكدىنسەن ئۆزەڭنىڭ بەختىنى كۈتكىن.

## يۇرتۇم ھەققىدە غەزەل

تارالغان شوھرىتى ئەلگە ئانا يۇرتۇم ئىزىز باينىڭ،
قېدىمدىن داڭقى بار چۈنكى سېمىز چارۋا بىلەن ماينىڭ.

تەرىپلەشكە جامالىنى تاپالمايمەن مۇۋاپىق سوز،
مەگەركى كۈن دېسەم ئۇندا تۇتار كۈندەشلىگى ئاينىڭ.

ئۇزەر يايلىغىدا چارۋا گويا كوچكەن بولۇت ئوخشاش،
تۇخۇم توختايدۇ ئۇستىدە سېمىز ئوغلاق - قوزا ، تاينىڭ.

ئەشۇ ياايلاق ئارا ئەسقەر چالار بولسا ئەگەر مەرغۇل،
يەنە سايرايدۇ بىر ياقتا قومۇزى ھەم ئامانتايىنىڭ.

بازار ئەلۋەك، ئاۋات شۇنچە يەسەڭ گەر مانتىسى شەربەت،
پۇراقى مەس قىلۇر دىلنى كى قايماق دەملىگەن چايىنىڭ.

نەسىل ئەجداتلىرى ئىشچان، چىلىشلار قويىنىدا قەيسەر،
ئۇلاردا خىسلىتى بار ھەم ئېگىز تاغدىكى قارىغايىنىڭ.

قىدىمدىن باي ئاتايىتى ئەل پۇلى جىق بولسا گەر كىمنىڭ،
بۈگۈن دىخان ئۆزى بولدى ئاتالغان ئەنە شۇ بايىنىڭ.

قۇرۇلدى بۇندا كوپ زاۋۇت، قارا ئالتۇن كېنى ھەم بار،
ئىتتىكى گۈلگە پۈركەندى تېتىر، قاقتام دىگەن سايىنىڭ.

ھاياتلىق قەدرىنى تاپقاچ بۇ يۇرت خەلقى مانا ئەمدى،
ئۇنى ياڭرايدۇ ھەر ياقتا چىلىنغان ناغرا - سۇنايىنىڭ.

مەگەرسەن ئىزلىسەڭ دوستلار ئىجادىڭغا يېڭى مەزمۇن،
كېلىپ ئىلھام ئېلىپ كەتكىن كورۇپ ھوسنىنى بۇ جايىنىڭ.

1982 - يىل، [illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن تاۋار

# ۋەتەن ھەققىدە مۇخەممەس

ۋەتەن مېھرى - ئانا مېھرى ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق،
ھالاللاپ ئاق سۈتۈڭ ئەمدىم، دىلىمدا چاڭ غۇبارىم يوق،
مېنى باقتىڭ توكۆپ ئەجرى، سېنىڭسىز كۈچ - مادارىم يوق،
جاھاننى ئاقتۇرۇپ كەزسەم سېنىڭدەك گۈل دىيارىم يوق،
مۇبارەك شۇ ئۇلۇغ نامدەك غۇرۇرۇم - ئىپتىخارىم يوق.

دىيارىم سۇلىرىڭ زەمزەم، تېشىڭمۇ بەلكى دۇردانى،
گىيارىڭ مۇشكى ئەنبەردىن، تېغىڭ ئالتۇن،كومۇر كانى،
بېغىڭدا سايرىدى بۇلبۇل قىلىپ مەپتۇن خېرىدانى،
شىكەستە خەستىلىرىڭ ھەتتا كىشىنىڭ چىن قەددىردانى،
بۇنىڭدەك كاتتا ئالەمدە يەنە بىر نەۋ باھارىم يوق.

يېشىل دۇردۇن ئېدىر، قاپتال سەيىرلىك خۇش دىلىستانىم،
چولۇڭگە مەن قاراپ چىقسام بىنا بوپتۇ گۈلىستانىم،
كى مەھمۇت ھەم يۈسۈپ خاسلار...... بۈيۈك تارىختا ئۇستازىم،
ۋەتەن - دەپ ھەر قېتىم يازسام كېتەر يايراپ مېنىڭ جانىم،
كۆيۈكنى يازمىغىم بەختىم، ئۇنىڭدەك دىل خۇمارىم يوق.

هازازۇللار سېنى بىر چاغ يولۇقتۇرغان پالاكەتكە،
رىيازەت دەشتىدىن ياندىڭ كېلىپ غالىپ شىجائەتكە.
بويۇڭغا گۈل نەقىش چەكتى باتۇر خەلقىم جاسارەتتە،
سېنىڭ قوينۇڭدا بىز مەڭگۈ ياشايمىز ھور-پاراغەتتە.
باھادىرسەن كامال تاپقان، بېغىڭدەك لالىزارىم يوق.

دەۋر ئوزگەردى يۇرتۇمدا جۇلالىق ھەر كىشى چېھرى،
ۋەتەنگە كۈنسېرى ئاشتى خەلقىنىڭ قەلبىدە مېھرى،
سېنىڭسىز تەندە دەرمان يوق، سېنىڭسىز يىگىنىم كەكرى،
مېنى ئوستۇردۇڭ، كۈلدۈردۇڭ، چېكىپسەن بىر تالاي جەۋرى.
توپاڭنى كوزگە سۇرتتۇممەن، ئوزەڭدەك تۇتىيارىم يوق.

سەپەردە يۈك ئېغىر بولسۇن گويا دۇلدۇل بولۇپ ئۇچاي،
ۋەتەن ئەجرىڭنى ئاقلاشقا تېرىمدىن شان - شەرەپ قۇچاي.
سېنىڭ شانلىق تويۇڭغا مەن ئاتاپ گۈلدەستىلەر تۇتاي،
تويۇڭغا تەنتەنە قىلدۇق چېلىپ ناغرا بىلەن سۇناي،
قوبۇل ئەيلە سالامىمنى بۇگۈندەك شادىيانىم يوق.

1981 - يىل، ئاۋات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دېخان مەھەللىسى

قاتار - قاتار سېلىنغان تېرەك،
كۆمۈش تەڭگە ئاسقان شېخىغا.
ھېرىس بولۇپ قاراپ قالدىم مەن،
دېخىنىمنىڭ گۈلزار بېغىغا.
ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، جىنەستە،
رەڭدار روەال ئاسقان بېشىغا.

يېشىل قورغان بوپتۇ چورىسى،
ھەتتا قۇشلار ئۇچۇپ ئوتەلمەس.
ئەنە، ئەشۇ گۈلشەن ۋادىدىن،
چاڭ - چاڭسايراپ بۇلبۇل كېتەلمەس.
كورسەڭ دوستۇم ئەشۇ مەھەللىنى،
دەيسەن چوقۇم جەننەت يېتەلمەس.

بەخت قۇچقان دېخان مەھەللىسى
تۇرار ھەيۋەت شۇنچىلىك مەغرۇر.
ياڭرار ھەريان بەخت ناۋاسى،
ھالۋا يەيدۇ دېخان بەھۇزۇر.
رەخمەت ئېيتار يېڭى دەۋرگە،
ئۇرغۇپ دىلدىن ئېپتىخار - غۇرۇر.

نەۋ باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىۋى،
جۈتنى قوغلاپ ئېلىپ كەلدى ياز.
ئىپار ھىدى قاپلاپ يېزىنى،
گۈل - چېچەكتىن سالدى پايانداز.
باغلىرىدا قىزىدى مەشرەپ
جاراڭلىدى ھەر تەرەپتە ساز.

گۈزەل دەۋرىم، گۈزەل سەن يېزام،
چېھرىڭدە نۇر - بەخت بەلگىسى.
زامانىۋى بولۇپ گۈللىسەڭ،
پەرزەنتىمىز ياشنار كەلگۈسى.
مىرادىڭغا يېتىپ كامال تاپ،
ئەي سويۇملۇك دېخان مەھەللىسى.

1982 - يىل، ئاۋ نت



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدىراخمان پولات

## خۇشاللىق دىلدا تاشقۇنچە

( ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ « ئوقۇتۇش تەتقىقاتى»
ژورنىلىغا بېغىشلايمەن )

ئىلىم ـ پەن باغىدا كوركەم ئېچىلدى بىر يېڭى غۇنچە،
نە غۇنچە ئۇ ، گويا ئالتۇن ھىدى ئىقبالىغا زەر ـ ئۇنچە.

گۈلىستان ئىچىدە ئۇ رەيھان چېچىلغان خۇشپۇراق ھەريان،
ئەجەپمۇ ئىنتىزار بولغان ئىدۇق بالقىپ كورۇنگۇنچە.

ئۇنىڭ رەڭدار چېچەكگە تەپەككۇر جەۋھىرى ئەنداز،
كۆڭۈلنى مەھلىيا ئەيلەپ ئەقىلنى لال ئېتەر شۇنچە.

كەبى ھوسنى تولۇن ئاي، ياق قۇياشتەك پارلىغاي، كۈلگەي،
تاپالماس روھ بولەكتىن ، بۇ سۈپەت قۇدرەت ئامال مۇنچە.

بۇ، گۈل بەرگىسى رەڭداشتۇركى رۇخسارى چېمەنزارغا،
يۈرەكنىڭ سۆيگۈ ئارزۇسى ئۇنىڭ مېھرىگە چۇمگۇنچە.

نوتىلار بىخ سوروپ كوكلەپ باراخسان بولغىسى گۈلشەن،
جۇلالنىپ كامال تاپقاي يومۇپ كوزلەرنى ئاچقۇنچە.

مەرىپەت باغىدا ئۇستاز هاياتى ئاشىنا گۈلگە،
قىنىدىن ئاثارەڭ بەرگەي تامام ئىمكانى پۈتكۈنچە.

جۇدۇنلار ۋەھىمىدىن بىر چاغ يۈرەكنى قاپلىغان ھەسرەت.
خازان بولغان ئىدى ياپراق ۋىسال پەيتىگە يەتكۈنچە.

تىپىپ پەرۋىش قايتىدىن باغ،يۈرەكلەردىن يۇيۇلدى داغ،
يېشىل كوكلەم قىلىپ جەۋلان يەنە قەدرىنى تاپقۇنچە.

باھار ئەيىامىدا رەڭدار ئېچىلغاي لالىلەر خۇشخۇي،
شاخىدا بۇلبۇلى خەندان كۈلۈپ دەۋرانىغا باققۇنچە.

زامانىم ئىپتىخارى بوپ سانالغاچقا بۇگۇن باغۋەن،
تەشەككۇر، رەھمىتىم چەكسىز خوشاللىق دىلدا تاشقۇنچە.

## ل . مۇتەللىپنى ئەسلەپ

يۇگۇرتەم مەرىپەت قامۇسىغا كوز،
كورۇنەر مۇتەللىپ ئوت يۈرەك شائىر.
سەنئەتنىڭ جۇشقۇنلۇق بەزمە توردە،
ئولتۇرار ئۇ گويا بىز بىلەن هازىر.

تەپەككۇر كوز بىلەن قارايمەن ئۇنىڭ،
بىغۇبار شەپەقتەك رەڭدار چېھرىگە.
ئاڭلىنار شائىرنىڭ مۇقام نەزمىسى،
ئەۋلادى سازلىغان جۇپ تار ئەۋجىدە.

مۇتەللىپ بىز بىلەن بۈگۈن مەرىكىدە،
شاتلىنىپ ئېيتماقتا بەخت ناخشىسى.
نۇرلىنار سەھنىمىز ھورمەت ئىلكىدە،
ئېھتىرام بىلدۈرەر ئاڭا بارچىسى.

دەرىغا ... كاژ پەلەك رەزىل شۇم دەۋران،
ۋاقىتسىز چەيلىدى ئۇنىڭ گۈلىنى.
ياۋۇزلار تىرنىغى ، قاباھەت ئەجەل،
ئايرىدى بېغىمىدىن ل بۇلبۇلىنى.

ئېسىمدە " كۈرەش!» دەپ تۇرگەن يېڭىنى
ۋەتەنگە ، مىللەتكە سادىق ئوت يۈرەك.
قورقمىدى ئۆلۈمدىن قىلىچ ئالدىدا،
پارلىغاچ قەلبىدە نۇرانە تىلەك.

ۋەتەننى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ ئۇ،
كەچتى ئۇ ئاقىۋەت ئېزىز جېنىدىن.
پورەكلەپ گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىغا،
ئىشەندى تۇپراققا تامغان قېنىدىن.

خەلقىمنىڭ غۇرۇرى، شانۇ ـ شوھرىتى،
تارقالدى نامىڭدىن پۈتكۈل جاھانغا.
ئەرك سۆيەر ئىنسانلار: " ئاپىرىن ! " ـ دىدى،
« يىللارغا جاۋاپ » نى بەرگەندە توغرا.

ياشايدۇ دىللاردا مەڭگۈ نۇر چېچىپ،
چېلىشچان يىللارنىڭ باتۇر كۈيچىسى.
ئارزۇڭنى پەرۋىش قىپ ئاچقۇزدۇق چېچەك،
ئەمىن بول ئەي ئۇلۇغ "قايىنام ئورگىشى"

## رۇبائىيلار

كىمكى بىلىملىك،كوزىدە ياش يوق،
ھاياتقا پۇشايمان بىلەن قاراش يوق.
بىلىملىك كىشىنى ئەگەر شام دىسە،
ئۇنىڭدا ئىنسانغا نۇرنى ئاياش يوق.

× × ×

ئوزۇڭنى ئەر بىلسەڭ ، شىر بىل ئوزگىنى،
شىرنىڭمۇ يوق تېخى جاھان كەزگىنى.
بىلىملىك ئەر جاھان كېزەر ، بىلمىسەڭ ـ
ئەشۇدۇر بەختىنىڭ سەندىن بەزگىنى.

× × ×

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر بايرىقى

بىلىمگە ئىنتىلىش ۋىجدانىغا زىننەت،
شۇ زىننەت تۇپەيلى ئۆمۈرمۇ قىممەت.
ئەر بولساڭ بىلىمدىن دىلىڭنى بېزەپ،
سۆيگەن دىيارىڭدا ياراتقىن جەننەت.

1981 - يىلى ماي



تونىياز قادىر

# قارا يۇلغۇن

— بۇ قەيەر بەئەينى بېھىش ئىكەنغۇ،
قىزىقىپ سورىسام دوستۇم تۇرغۇندىن.
دىدى ئۇ: ” كىپ قالدۇق قارا يۇلغۇنغا،
يەيلى بىز تويغىدەك تاتلىق قوغۇندىن.“

قارىسام ئەتراپىم ياپ - يېشىل بوستان،
مېۋىلىك باغلارنىڭ چېكى كۆرۈنمەس.
بۇرۇنقى چۆل ئورنى بوپتۇ بىر جەننەت،
بۇ يەردىن كېتىشكىمۇ كۆڭلى سۆيۈنمەس!

ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدىم بىر ھازا،
لىنتىدەك سوزۇلغان ئورمانغا قاراپ.
ئوخشىغان مېۋىلەر يارىدۇ تىلنى،
قەلبىمنى ھاياجان چۇلغىدى شۇ تاپ.

قوغۇننىڭ ناۋاتتەك تاتلىق تەمىدىن،
كۆردۈم مەن ئىشچانلار تۆككەن ئەجرىنى.
ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ،
بىرلىكتە گۈل قىپتۇ بۇ چۆل - جەزىرىنى.

دەپتىكەن ئۇتمۇشتە، قارا يۇلغۇنلۇق،
بۇگۈنكى سىياقى بوپتۇ گۈل سەدەپ.
مىڭ خىجىل بولمامدۇق ئالدىدا ھازىر،
ئاتىساق ئىسمىنى قارا يۇلغۇن دەپ.

× × ×

ھەسسىياتىم ئۇركەشلەپ خۇددى دەريادەك،
بۇ گۈزەل جايىنى مەن كۈيۈمگە قاتتىم.
قەلبىمنى ئاپرات قىلىپ شۇ ھامان،
رەنزىرىنى "چىرست" قىلىپ سۈرەتكە تارتتىم.

1982 - يىل، ئاۋغۇست، ئاقسۇ



ئەخمەت پولات

## ئالدىغا

( ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت سوھبەت يىغىنىغا بېغىشلايمەن )

ئەسسالام كەلدىم بۈگۈن مەن دوست ـ يارانلار ئالدىغا،
دەۋرىمىز بۇلبۇللىرى شىرىن زابانلار ئالدىغا.

باسىمۇ باشىمنى قار ، قەلبىمدە ياشلىقنىڭ ئوتى،
دىل كۆيۈەدىن ئۇنچە تېزدىم مېھرىۋانلار ئالدىغا.

تاشلىدىم بەڭۋاشلىغىمنى ئەندى چىقماسمەن ئەبەت،
پەرى تۇس ، شەيتان سىجەز قاشى كامانلار ئالدىغا.

ئاتىدىم ئىجادىيەتكە بارلىغىم ، قەلبىمنى مەن،
بارمىغايمەن ئەندى ئويناشقا نادانلار ئالدىغا.

ئاختۇرۇپ قەلبىم بېغىنى نەزمىدىن گۈللەر تىزىپ،
مەن چىقارمەن جەڭ ـ چېلىشقا قەھرىمانلار ئالدىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئارزۇيۇمدۇر كەلتۈرۈش ئىلھام بۇلاغىمدىن شاراپ،
مەردىپەتكە قەلبى تەشنا ـ چاڭقىغانلار ئالدىغا.

ئايرىلىپ قالسام خەلقتىن ئەل مېنى شائىر دېمەس،
بارمىسام شاگىرت بولۇپ ئىشچى ـ دېخانلار ئالدىغا.

كۆلكە بولغاي يازغىنىم گەر ياقمىسا ئەل كۆڭلىگە،
بارسا ئەمگەكچى ئىسىملىك يار ـ جانانلار ئالدىغا.

يازغىنىم بولسا خەلقنىڭ قەلبىگە روھى ئوزۇق،
ئالغا باسقاي كەلسىمۇ دۆج تاغ ـ داۋانلار ئالدىغا.

بەختىيارمەن كەلگۈسى ئەۋلاتقا مەندىن قالسا ئىز،
چاچسا نۇر يازغانلىرىم شۇ نەۋ قىرانلار ئالدىغا.



ئىدرىس مەڭلىك

## ئەجداتلار خاتىرىسىگە

ساپ ئالتۇن چىرىماس ئىلك گەزچە داشقال-
ئاستىدا مىليۇن يىل قالغان چاغدىمۇ.
ھەقىقەت ئىگىلەر ۋە لېكىن سۇنماس،
بوھتانلار چېكىدىن ئاشقان چاغدىمۇ.

باتۇرلار چېكىنمەس يولۋاس ئاغزىغا-
ھەتتاكى بىر قەدەم كەلگەن چاغدىمۇ.
مەرت ئوغلان تەۋرىمەس قىلىچ ئالدىدا،
شۇم ئەجەل قوينىنى كەرگەن چاغدىمۇ.

پىشقەدەم ئەجداتلار ئەنە شۇ تەرىق،
كۆرەشكەن تالاي يىل ئىگىلمەي - سۇنماي
كۆرەشتىن بەختىيار دەۋران ياراتتى،
ياۋۇزلار قەستىگە قىلچە يول قويماي.

شۇ سانسىز قۇربانلار توككەن قىزىل قان،
ئەجرىدىن يارالغان بۇ ئازات زامان.
ئۇنۇتماس ئۇلارنى ھەقىقى ۋىژدان،
ئەل سۆيگەن قەھرىمان يادلىنار ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاھ! بىراق...

« توت چايان » ئالجىغان چاغلار،
قۇربانلار روھىغا قىلىنغان ئۇۋال.
پارتىيەم ۋاقتىدا بەرگەچكە پەشۋا،
مەلئۇنلار بىر يولى تاپتى شۇم زاۋال.

تۇمانلار تارقىلىپ، يۈز ئاچتى ئاسمان،
ئويغاندى كىشنىشىپ تۇمەنىمىك تۇلپار.
زەپەرنىڭ كۈيىنى ياڭرىتىپ لەرزان،
كەلدى ھور ئېلىمگە سۈلماس نەۋ باھار.

كوتەردى قەددىنى ۋەتەن ئۆزگىچە،
ئاتلاندى مەنزىلىگە مىليون پەھلىۋان.
يېتىڭلار خاتىرجەم ئەي ئۇلۇغ زاتلار،
قېتىڭلار ئىزىدىن ئۈنمەكتە « رەيھان »...

*

ئەسلىسەم تارىخنى بىردىن ۋاراقلاپ،
كېلىدۇ ئالدىمغا سانسىز قەھرىمان.
ئاقىدۇ قەلبىمدە سۆيگۈ دەرياسى،
ئوقۇسام قۇربانلار ھەققىدە داستان.

1980 - يىل مارت، ئاقسۇ

## يوقتۇر

بىلسەڭ قالكى، بۇ دۇنيادا ۋەتەندەك غەمگۇزار يوقتۇر،
جاھاننى قانچە رەت كەزسەڭ ۋەتەندەك لەيلىزار يوقتۇر،

ۋەتەن ھوسنى ـ جاھان ھوسنى، ۋەتەن بەختى ــ سىنىڭ بەختىڭ،
ۋەتەن ئىقبالىدىن زىنھار يىگانە بەختىيار يوقتۇر.

ۋەتەننى سۆيمىگەن ۋىژدان تاپالماس ھېچ روناق ھەر چاغ،
ۋەتەنگە كويگەن ئاشىققا ئۇنىڭدەك تىل تۇمار يوقتۇر.

ۋەتەننىڭ گۈل گىياسى تاج، سۈيى بال جان ھوزۇر تەنگە،
ۋەتەن مېھرى گويا لوقمان، ئۇنىڭچە زور شىپا يوقتۇر.

ۋەتەننى قوغدىماق بۇرچتۇر، ۋەتەندە ياشىغان ئەرگە،
ۋەتەننى چەيلىسە ياۋلار ئۇنىڭدىن چوڭ قازا يوقتۇر.

ۋەتەنسىز لالىلار ئۇلسە،تېنى قالغاي قاقاس چولدە،
ئۇنىڭغا بىپايان يۇرتتا باھادىرلىق مازار يوقتۇر.

1980 - يىل، ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە يادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم مۇھەممەدى .

## ۋەتەن مۇھەببىتى

شۇنى چىندىن تونۇپ يەتتىم ۋەتەندەك مېھرىبانىم يوق،
ۋەتەن جانىم،ۋەتەن قانىم ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

ئانام بولمىسا جان نەدە، ۋەتەن بولمىسا مەن نەدە،
ھاياتىم ھورى بەختىمگە ۋەتەندەك غەمگۇزارىم يوق.

چۈشەندىمكى ۋەتەن بولغاچ تائام ئالدىمدا تەيياردۇر،
ۋەتەندىن،جاندىن ئايرىلسام مېنىڭ ھېچ كۈچ مادارىم يوق.

ئۇسۇپ باغرىدا چوڭ بولغان ۋەتەننى قوغدىماق ئەھدىم،
ئۇلۇغلۇق بابىدا سۇلتان ۋەتەندەك سەجدىگاھىم يوق.

ۋەتەنگە قىلسا قەست دۈشمەن، كۆرەشتە جان پىدا قىلماي،
قاراپ نا ئەھلى تۈز كور بوپ ئاياپ جاننى تۇرارىم يوق.

ۋەتەننىڭ بۇرچى تولەشمەك، مېنىڭمۇ ئىنتىزارىم شۇ.
تەلەپكە يەتمۇگۇنچە ھېچ ھېرىپ چارچاپ قالارىم يوق.

1980 - يىل، 10 - ئاي

## ئىلىم ئىشقىدا

چۈتۈن زېمىندە ئاشىق بوپ ئىلىمدىن شان قۇچاي دەيمەن،
ئىلىم- پەندىن قانات راسلاپ قاراپ مارسقا ئۇچاي دەيمەن.

ئىجىل بولدۇم ئىلىم - پەنگە گويا قىز ئاشىقىدەكمەن،
تىزىپ پەن باغىدىن دەستە ئۇنى ئەلگە تۇتاي دەيمەن.

نادانلىقنى تامام تاشلاپ ئىلىم - پەنگە ھەۋەس باشلاپ،
ئىلىم گۈلزارىغا مەنمۇ كىرىپ سەيلە قىلاي دەيمەن.

ئىلىمگە چىن ھەۋەس قىلدىم مېنى مۇشكۈل توسالمايدۇ،
جۇدۇن-چاپقۇندا قالسامۇ ئۇڭا سادىق بولاي دەيمەن.

شېرىن ۋەسلىنى دەپ پەرھات قىيا تاغلارنى قازغاندەك،
ئىلىم ئىشقىدا بەل باغلاپ داۋانلاردىن ئاشاي دەيمەن.

تاغام لوتۇنغا ۋارىس بوپ ھەسەتخورلارغا باش ئەگمەي،
پىسەنت قىلماي توساقلارغا ئىلىم ئەھلى بولاي دەيمەن.

ۋەتەننى يۈكسەلدۈرۈشچۈن مۇھىم ئامىل ئىلىم - پەندۇر،
ئىلىم ئوكيانىغا چۈشۈپ سۈزۈپ گوھەر چىقاي دەيمەن.

1982 - يىل ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شائىر بولساڭ

ئولۇپ كەتسەڭمۇ ئەل سۆيگەن خەلقىڭ شائىرى بولساڭ،
قېزىپ بېتۇننى ھېچ ھارما چىن ئاشىق تاھىرى بولساڭ.

چۇشۇپ ئابروي كويىغا سەن بوياپ يۈرمە تەسەۋۋۇرنى،
بېشىڭ كەتسىمۇ راست گەپ قىل، گۈزەل كۆي ماھىرى بولساڭ..

ھاۋا رايىدىن ئىنكاس ئېپ بولۇتتەك يورغىلاپ يۈرمەي،
رېئال تۇرمۇشتىن ئىنكاس ئال ئەگەر سەن سادىرى بولساڭ.

ھوشۇڭنى ئۇنتۇلۇپ پۇل دەپ نومۇس قىل ساتمىغىن ۋىژدان،
نومۇس ئارىڭنى ساقلاپ قال غۇرۇرلۇق ئادىمى بولساڭ.

شاكال گەپلەرنىمۇ ساتما ئەجىرسىز ئوڭدا ھەم ياتما،
تىرىشقىن بىر ئۆمۈر ئىزدەپ ئىلىم - پەن خادىمى بولساڭ.

1982 - يىل، ئاقسۇ

## رۇبائىيلار

ياشايمەن دېسەڭ تور، بىلىم ئىگەللە،
ئۆزەڭنى بولمىغۇر ئىشتىن يۆگەنلە.
ئاقىۋەت بولغۇسى بۇرنىڭدىن بولاق،
مال-دۇنيا، سولتىنىڭ، ئابروي دېگەنلەر.

× ×

ئەر بولساڭ ھەر ئىشتا ۋەتەننى كۆزلە،
مەرت بولساڭ ئۆكۈنمەي راستىدا سۆزلە.
بولسىدى ماڭىلا راھەت دېمەستىن،
ئەل - ۋەتەن نەسلىڭنىڭ بەختىنى كۆزلە.

× ×

بىل دوستۇم دەۋرىنىڭ تەلىۋى نىمە؟
تەييارغا ھەييار بوپ يۈرىمەن دېمە.
پەرھاتتەك بىر ئۆمۈر قازماي بىستۇننى،
شىرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىمەن دېمە.

1982 - يىل، ئاقسۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ياسىن مەمىرى

## ئۇلۇق شائىرنى ئەسلەپ

— مەرھۇم شائىر نىم شېھىتكە

ئۇلۇق شائىر سېنى ئەسلەپ، ئوقۇيمەن بىر بېيىتنى ھەققانى،
ۋاپاتىڭغا كېچە ـ كۈندۈز قىلۇرمەن ئاھۇ ـ ئەپغانى.

بەختسىز دۇنيادىن كەتتىڭ، تولا ئارمانلىرىڭ قالدى،
سەۋەپ بولدى زىيانداشلار ئەجەلنىڭ يەتتى پەرمانى.

مىلەت ئوينىڭ كانىنى قازدىڭ، ۋەتەننىڭ مېھرىنى يازدىڭ،
شائىر نىم شېھىت نامىڭ ۋەتەننىڭ پەخرى ھەم شانى.

جېغىشلاپ ئەلگە بارىڭنى، سېغىندىڭ ئوز دىيارىڭنى،
ئويغاتتىڭ نادانلارنى، قىزىپ چىن مەرىپەت كانى.

سوزۇڭ ئوتكۇر قىلىچ ئەردى سوقاتتىڭ ياۋنى ھەر دائىم،
رەقىپكە ياغدۇرۇپ لەنەت تىلىڭدا مىللى ئوقيانى.

خىيىم شېھىت تېچ ئامان ياتقىن، ھور جەننەتتە ئەمىن تاپقىن،
قەلەم ئەھلى ساڭا سادىق قىلۇرمىز روھىڭنى مېھمانى.

ۋەتەننىڭ سەن ئېزىز ئوغلى، تومەن يىللار ئونۇتمايمىز،
گۈلىستانىڭ قورۇتمايمىز، پۈتەر مىسرىمۇ داستانى.

1980 - يىل، شايار

ياسىن قاسىم

# ئىككى غەزەل

## يۇرتۇم

دىلىمنىڭ پەخرى ـ شانىسەن گۈزەل باي ئەي! ئانا يۇرتۇم.
ئېزىزدۇر مەن ئۈچۈن نامىڭ، سۆيۈڭ تەڭگە داۋا يۇرتۇم.

گۈزەل باغرىڭ چىمەنزار خۇش ھىدىڭ جانىمنىڭ ئارامىدۇر،
تاشۇ ـ تۇپراقلىرىڭ ھەر دەم كوزۈمگە تۇتىيا يۇرتۇم.

كۆرەشچان مەرتلىرىڭ مېھنەت، چىلىشلاردا ھامان قەيسەر،
سېنى گۈللەشتە جۇر ئەتلىك قىلىشقا ئىختىدار يۇرتۇم.

ئېتىز، يايلاق، زاۋۇت ھەم كانلىرىڭ جەڭ ئەۋجىدە ئاققاچ،
جاراڭلارغەلىبىدىن سەندە خۇشال نەغمە ـ ناۋا يۇرتۇم.

تېغىڭدا ئوينىشار دۇلدۇل ئېتىڭ ھەم ماللىرىڭ توپ ـ توپ،
تىرە ھەم يوگىلىرىڭ شوگا ئەجەپمۇ ئەتىۋا يۇرتۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قېچى، بۇغدايلىرىڭ ئوخشار، ئۈزۈم، ئالماڭ شېرىن ئاندىن،
زامانەم بەركىتى قايتا راسا ياغدى ساڭا يۇرتۇم.

ئاياندۇر ھەممىگە، تارىخ بېتىدە ئىپتىخارىڭ بار،
شەرەپ تاپقاچقا سايرامى ئېلىم - پەن بابىدا يۇرتۇم.

يېزىپ داستان، غەزەل ھەردەم ۋاپادار ئەم شېھىت گۇغلۇڭ،
ئاۋا قىلدى بولۇپ بۇلبۇل بىلىمىنىڭ ئىشقىدا يۇرتۇم.

جاھان سەيلانىسى "مىڭ ئۆي" تەرۇ - ئەجرىڭگە شاھىتتۇر،
ماھارەت شاھىنى قىلدىڭ ئۆزەڭگە مەھلىيا يۇرتۇم.

يولۇڭ پارلاق،زامانەڭ ھور، گۈزەلدۇر بەختۇ - ئىقبالىڭ،
زەپەر قۇچ، ئورلىگەن شانلىق كېلىچەككە يانا يۇرتۇم.

## مۇزات دەرياسى

گۈزەل بايدا ئەزىم دەريا مۇزاتنىڭ ساپ ھاۋاسى بار،
بويىدا باغلىرى كوپتۇر، باراقسان گۈل - گىياسى بار.

كوكۇللەر شاتلىنار شۇنچە گۈلىستان قوينىدا يايراپ،
سابا جور بولۇپ سايرار سەھەر - ئاخشام ناۋاسى بار.

كۆمۈشرەڭ مويسىپىت تاغلار بېشىدىن چاچرىتىپ ئۇنچە،
ئېتىز، يايلاق ئارا ئاققاچ چىمەنزارلار جۇلاسى بار.

سەيل ئەتمەك بولۇپ كەلسەڭ ئەگەر بۇندا باھار ـ يازنى،
ئۈزۈپ ئوينا مەلەكلەردەك ئۈنىڭ جانغا شىپاسى بار.

تيانشاندىن چۈشەر چىقار مىڭلاپ بۇلاقلاردىن،
تارالغان داڭقى ئىسسىق سۇ بىمارلارغا داۋاسى بار.

ئۈنىڭ توت تەرىپى ئاسمان پەلەك تاغلاردا قورشالغان،
شۇ تاغ ئىچرە گۈدۈك. باغلاردا كاككۇكنىڭ ئاۋازى بار.

شىرىننىڭ ئىشقىدا پەرھات ئۈزۈپ ئوتكەن كىمە بىرلە،
مۇناسىپ بويىغا «مىڭ ئوي» ھۇنەر ـ سەنئەت گۇۋاسى بار.

بۇگۈن ئەۋلاتلىرىم ئەلگە ياراتماقچۇن شان ـ توھپە،
سائادەت. بەختۇ ـ ئىقبالغا يۈرۈش قىلغان جاكاسى بار.

لىۋىگە لەۋلىرىمنى مەن يېقىپ قانسام زىلال شەرۋەت،
زىبالىق ھوسنىنىڭ ھەردەم يۈرەگىمدە لاۋاسى بار.

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: ئابدۇللا توختى


望　绿

（诗集）

（维吾尔文）

※

阿克苏文艺编辑部著

责任编辑：土尼牙孜买买提尼牙孜

喀 什 日 报 印 刷 厂 印 刷

开本：787×1092 MM 32/1

印张：9，　印数：2500

1983年5月